ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسى ئاساسىدا
تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتاب

# ھەق يول

بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئەقىدە
مەسىلىلىرى

مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

HAK
HAKSEVER

# HAK YOL

# ھەق يول

Hazırlayan: | تۈزگۈچى:
**Muhammed Bişaret** | **مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت**

Editör: | تەھرىرلىگۈچى:
**Abdusemet** | **ئابدۇسەمەت**

Yayıncı: | نەشر قىلغۇچى:
**Haksever İslam Araştırma Merkezi** | **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

Son Okuma: | كۆزدىن كەچۈرگۈچىلەر:
**Bir Gurup Ulema** | **بىر گۇرۇپ ئۆلىمالار**

Kapak ve İç Sayfa Tasarımı: | مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
**Ufuk Tasarım** | **ئۇپۇق ئىلان-لايىھەچىلىكى**

ISBN: 978 - 605 - 72284 - 3 - 7

Yayın Adresi:
Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 833/ İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2023-يىلى 6-ئاي

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە.
ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ
رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
haksever090@gmail.com

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە

بېغىشلىما ......................................... 1
كىرىش سۆز.......................................... 5
ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات .. 10
ئەقىدە ئىلمىنىڭ ئەھمىيىتى ..................... 12
ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسى ......... 15
ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىگە ئائىت مۇھىم مەسلىلەر.......................... 16
دىنىمىزنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى ...................... 18
ئىمان ھەققىدە.................................... 19
ئىسلام ھەققىدە................................... 24
ئېھسان ھەققىدە ................................. 27
تەۋھىد ھەققىدە ................................. 29
تەۋھىد............................................... 30
1. رۇبۇبىيەت تەۋھىدى ھەققىدە ................. 31
2. ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى ھەققىدە ................ 33

3. ئىسىم - سۈپەت تەۋھىدى ھەققىدە ......... 35
ئىنسانلارنىڭ تۈرلىرى ................................ 39
شېرىك ھەققىدە ................................ 41
كۇپرلىق ھەققىدە ................................ 43
تاغۇت ھەققىدە ................................ 46
مۇناپىقلىق ھەققىدە ................................ 47
بىدئەت ھەققىدە ................................ 53
ئىماندىن چىقىرىدىغان بىر قىسىم ئامىللار.. 57
قالايمىقان «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ خەتىرى ................................ 63
پەرىشتىلەر ھەققىدە ................................ 65
قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ھەققىدە ................ 68
ھەدىس ھەققىدە ................................ 70
ساماۋى كىتابلار ۋە سەھىپىلەر ھەققىدە ...... 72
مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە.. 73
پەيغەمبەرلەر ھەققىدە ................................ 78
ئاخىرەت كۈنى ھەققىدە ................................ 82
قازا ۋە قەدەر ھەققىدە ................................ 87

دوست ۋە دۈشمەن ھەققىدە ....................... 92
مۇھىم مەسىلىلەردىن.............................. 94
جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەنلەر ھەققىدە .. 96
بۇلارغا مۇنداق قارايمىز.............................. 98
ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدە . 99
دۇئا ۋە سەدىقە ھەققىدە ........................... 101
ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرى........................... 103
ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ يول بەلگىلىرى.................................... 110
ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى.. 116
ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى... 117
پايدىلانغان كىتابلار.............................. 142

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى ئابدۇلھەمىد كېرەم ھاجىم بىلەن گۈلخانىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇملارنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇملار ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# بېغىشلىما

ئەقىدە ئىلمى ئەڭ شەرەپلىك ۋە زۆرۈر ئىلىمدۇر. ئۇنى ئۆگىنىش ھەربىر ئەقلى - ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن كىشى ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر كىشى ئەقىدىسىدە شېرىك ياكى كۇپرىلىق بولغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، دۇنيادا قىلغان سالىھ ئەمەللىرى قىيامەت كۈنى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، باrارجايى دوزاخ بولىدۇ، ئۇ جايدا مەڭگۇ قالىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا شاپائەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەقىدە ئىلمى ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

قولىڭىزدىكى «ھەق يول» ناملىق بۇ رىسالىگە ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەھلى سۈننەت ئىماملىرى ۋە ئۆلىمالىرىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى توغرىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا، «ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ ھەممىدە ئۇلارغا سەمىمىي ساداقەت بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلار ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىن يەكۈنلەپ

چىقارغان مۇسۇلمانلار بىلىشكە تېگىشلىك نېگىزلىك ئەقىدە مەسىلىلىرى ۋە جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇشبۇ رىسالىنىڭ ئاۋام - خەلق ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە دەرسلىك قىلىنىشى نەزەردە تۇتۇلغاچقا، ئۇنىڭدا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى ئىخچام تىل، مۇستەھكەم ئىبارە، راۋان جۈملىلەر بىلەن يادلاشقا مۇناسىپ شەكىلدە مەتىن ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ھەمدە كۆپ جايلاردا ھەرجۈملىسىگە، ھەتتا ھەر كەلىمىسىگە چوڭقۇر مەنىلەر ۋە كۈچلۈك رەددىيەلەر سىڭدۈرۈلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆلىمالار ئۇشبۇ «ھەق يول» ناملىق بۇ قىممەتلىك رىسالىنى ئەقىدە ئىلمىدە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرقايسى مەدرىسە، مەسچىت ۋە كۇرسلاردا دەرسلىك قىلىشقا ھەمدە بۇ رىسالە ئارقىلىق ئاۋام مۇسۇلمانلارنى قەرەللىك تەربىيەلەشكە تامامەن ماس كېلىدۇ، دەپ قارايمىز، شۇنداقلا ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، ھەق ۋە راست دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز. جانابى ئاللاھ بۇ رىسالىنى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا ھەمدە ھەق يول

ئىزدەۋاتقانلارنىڭ ھەق يول تېپىشىغا ۋەسىلە قىلىپ بەرسۇن، بۇ مۇبارەك خىزمەتنى روياپقا چىقارغان ئۇستاز مۇھەممەد ئەمىن بىشارەتنىڭ ئىلمىگە، قەلىمىگە، قەدىمىگە، ئەمىلىگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دىنىمىز ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتلىك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا مۇۋەپپەق قىلسۇن!

ھۆرمەت بىلەن:

ئاتائۇللاھ داموللاھاجىم، ئابدۇلئەزىز خەلپەت ھاجىم، ئابدۇلھەمىد قارىھاجىم، ئابدۇرەشىد قارىھاجىم، ئابدۇقەييۇم داموللام، ئابدۇغۇپۇر داموللام، ئابابەكرى قارىھاجىم، ئابدۇلھەمىد داموللام، دوكتورانت ئابدۇراھمان قارىھاجىم، ئابدۇلھەكىم قارىھاجىم، ئەھمەدجان داموللاھاجىم، تاش قارىھاجىم، سەيپىدىن قارىھاجىم، قاسىمجان داموللام، قۇربان داموللام، مۇسا داموللاھاجىم، مۇھەممەد ئەمىن مەخسۇم ھاجىم، مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىم، مەھمۇدجان داموللام، مۇھەممەد رىھىم قارىھاجىم، مۇھەممەد ئابدۇللاھ داموللاھاجىم، نىزامىدىن تەمكىنى، ئوبۇلقاسىم ھاجىم ئەھمەدى، ئۆمەر قارىھاجىم، ئۆمەر مەخسۇم.

ئەسكەرتىش: ئۇستازلارنىڭ ئىسىملىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە يېزىلدى.

بسم الله الرحمن الرحيم

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

# كىرىش سۆز

«ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايسىلەر».

_ ھەدىس شەرىف

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋەتەندىكى چاغلاردا ئاساسەن ئىسلام دىنى ۋە كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە تامامەن زىت ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا ياشاپ كەلگەن ئىدى. لېكىن قارشى قۇتۇپتىكى ھۆكۈمران مىللەت تىل، ئېتىقاد، ئىرق، مەدەنىيەت ھەتتا چىراي شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلاردىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان مىللەت بولغانلىقتىنمىكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ، كوممۇنىست بولۇپ كەتكەنلىرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. كومپارتىيەگە ئەزا بولغانلىرىمۇ پۇرسەت بولسىلا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تىرىشاتتى؛ ھېچبولمىسا، پېنسىيەگە چىققاندا بولسىمۇ «تەۋبە» قىلىۋېلىپ، ئەل - جامائەتكە قېتىلاتتى (ئەلۋەتتە، ئاز ساندىكىلەر بۇلاردىن مۇستەسنا).

قىسقىسى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئاسانلىقچە باشقا بىر دىنغا ياكى ئىسلامغا قارشى بىر ئېقىمغا كىرىپ كەتمىگەن ئىدى. 2010 - يىللاردىن 2017 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بولۇپمۇ مىسىر، تۈركىيە... قاتارلىق دۆلەتلەرگە خېلى كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كېتىۋالغانلارمۇ بولدى. چەتئەلگە بۇرۇن چىقىپ يەرلىشىپ قالغانلاردىن سىرت، يېڭى چىققان ئۇيغۇرلارمۇ دېموكراتىك مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى، ئەلۋەتتە.

قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن خىرىستىيانلار، كوممۇنىستلار، دارۋىنىزمچىلارمۇ ئوچۇق - ئاشكارا مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلمانىزم، لىبىرالىزم قاتارلىق ئازغۇن ئىدىيەۋى ئېقىملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا بەكرەك ياماراپ كەتتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئىسلامدىن يىراقلىشىپ، ئىسلامىي قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى.

ئەقىدە جەھەتتە سەلەفىيلەر، ماتۇرىدىيلەر ۋە ئەشئەرىيلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىسىمۇ، قەدەرىيەلەر، خاۋارىجلار، ھىزبۇتتەھرىر ۋە ھەدىس ئىنكارچىلىرى دېگەندەك تۈرلۈك پىرقىلەر ۋە يەنە بىر قىسىم باتىل تەرىقەتلەرمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپىيىشكە ياكى بىخلىنىشقا باشلىدى. ھەتتا ئىلمىنى ئۇستازلاردىن ئالماي، ئۇدۇل كەلگەن كىتابتىن ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنى زامانىنىڭ ئەللامىسى چاغلاپ، شاتۇتىدەك بىلجىرلايدىغانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ۋەتەنسىز قالغان بىچارە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھالىغا قارىغان كىشى ھەقىقەتەن ئېچىنماي قالمايدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۆپ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ؟

ئەلۋەتتە، مىللەت خاراكتېرلىك بۇنداق چوڭ ھادىسىنىڭ كۆپلىگەن سەۋەبلىرى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ھەتتا بەزىدە پەردە ئارقىسىدا «قارا قوللىرى» بولىدۇ. لېكىن، مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىككىدىنلا ساغلام ئەقىدە بىلەن مۇكەممەل قوراللانمىغانلىقى ھەمدە ئەقىدە مەسىلىلىرىگە بولغان تونۇشىنىڭ تولىمۇ يۈزەكىيلىكىنى

ئاساسىي سەۋەبلەردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسانغا كۆپ ھاللاردا ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدە مۇستەھكەم سىڭگەن ئەقىدە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئەقىدىسى ھەر تەرەپتىن قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، مۇسۇلمانلىرىمىزنى بولۇپمۇ تۈرلۈك گۇمان ۋە تۇمانلار ئالدىدا گاڭگىراپ قېلىۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنى ساغلام ئەقىدە بىلەن قوراللاندۇرۇش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن زۆرۈر خىزمەتلەردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

«ھەق يول» ناملىق ئۇشبۇ رىسالە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئانا مەسىلىلىرى بىلەن تونۇشۇپ، قەلبىدە مۇستەھكەم ئىمان ۋە ئېتىقاد تۇرغۇزۇشىغا ۋەسىلە بولۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ قەلەمگە ئېلىندى. رىسالە دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىنىڭ ئانا مەسىلىلىرى ۋە بىر قىسىم قوشۇمچە مەسىلىلەر بەك كېڭەيتىلمەستىن ۋە ئىزاھات بېرىلمەستىن، يادلاشقا قولاي، ئىخچام شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەربىر جۈملە ئاستىدا نۇرغۇن مەنە ۋە قاراتمىلىققا ئىگە

مەزمۇنلار يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، دەلىللىرى بىلەن چۈشەندۈرۈش پىشقان ئۇستازلارغا، قابىل مۇدەررىسلەرگە ۋە ساغلام ئەقىدىلىك دەۋەتچىلەرگە ھاۋالە قىلىندى.

ئاخىرىدا، بۇ رىسالىنى باشتىن – ئاخىر ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بەرگەن بارلىق ئۆلىمالارغا ھەمدە مۇھىم پىكىر - تەكلىپلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقىنى ئىختىيار قىلغان ئۆلىما قېرىنداشلىرىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىلىملىرىگە، ئەمەللىرىگە ۋە ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ئۇلارنى ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلسۇن، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ھەتتا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا مەنپەئەتلىك، بەرىكەتلىك ئۆلىمالاردىن قىلسۇن!

_ مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

## ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات

**ئەقىدە –** مەيلى ھەق ياكى باتىل بولسۇن، ئىنسان قىلچە شەك كەلتۈرمەستىن، جەزم قىلىپ ئىشەنگەن، ھېسسىي ياكى مەنىۋى نەرسىگە بېرىلگەن ئىسىمدۇر.

**ئىسلام ئەقىدىسى –** ئاللاھ تائالانىڭ رۇبۇبىيىتىگە، ئۇلۇھىيىتىگە، ئىسىم – سۈپەتلىرىگە، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە ۋە باشقا غەيبىياتلارغا شەك – شۈبھىسىز، كەسكىن ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەتتۇر.

**ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مەنبەلىرى:** قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە سەلەف سالىھلارنىڭ ئىجماسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. نەقلىي دەلىللەرگە ئۇيغۇن بولغان ئەقلىي دەلىللەر قوشۇمچە كۈچلەندۈرگۈچى دەلىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئەقلىي دەلىللەرگە تايىنىپلا بىرەر ئەقىدىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

**ئىسلامدا ئەقىدە ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ**
**ھۆكمى:** ئەقىدە ئىلمىنى ئۆگىنىش ھەربىر ئەقلى - ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەين بولۇپ، ئۆگەنمىسە، مۇتلەق گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، ئەقىدىسىز ئىمان بولمايدۇ، ئىمانسىز جەننەتكە كىرىش مۇمكىن بولمايدۇ.

# ئەقىدە ئىلمىنىڭ ئەھمىيىتى

■ ئەقىدە ئىلمى بارلىق ئىلىملەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، بەندىگە ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان تۇنجى ئىلىم ئەقىدە ئىلمىدۇر. مۇجمەل بولسىمۇ ئەقىدىسى بولمىغان كىشى مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

■ ئەقىدە ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇل - ئاساسى بولۇپ، ئۇلسىز بىنا بولمىغاندەك، ئەقىدىسىز ئىسلامىمۇ بولمايدۇ.

■ ئەقىدە ئىنسانىيەت ئىسلاھاتىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ، ئىنسانىيەتنى پەقەت ساغلام ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسىدىلا ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ.

■ ساغلام ئەقىدە ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. شېرىك ياكى كۇپرى ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەرقانداق ئەمەل قىيامەت كۈنى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ.

■ ئەقىدە ئىنسانغا ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى تونۇتىدۇ. ئەقىدە بىلمىگەن كىشى پەرۋەردىگارىنى تونۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىمۇ تونۇيالمايدۇ.

■ ئەقىدە ئىنسانغا كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئەقىدە بىلمىگەن كىشى كائىناتنى چۈشىنەلمەيدۇ.

■ ئەقىدە ئىنسانغا مەۋجۇتلۇق سىرىنى يېشىپ بېرىدۇ.

■ ئەقىدىسىز كىشىلەر دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، كائىناتنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى، ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي، دۇنيادىن خۇددى هايۋاندەك ياشاپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

■ ئەقىدە ئىنساننى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە باغلايدۇ.

■ ئەقىدە قەلبنىڭ هاياتى بولۇپ، ئەقىدىسىز قەلب ئۆلۈك هېسابلىنىدۇ.

■ ئەقىدىلىك كىشى مەخلۇقاتلارنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، بىر ئاللاهنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىنى ئەركىن، خۇشال - خۇرام، بەختلىك هېس قىلىدۇ، هەر دائىم ئۈمىدۋار بولىدۇ.

■ ئەقىدە ئىنسانغا مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، ئۆزىنى هەر دائىم كۈچلۈك هېس قىلىدۇ.

■ ئەقىدە ئىنساننى شېرىكتىن ۋە كۇپرىلىقتىن ساقلاپ قالىدۇ. بۇلاردىن ساقلانغان كىشى دوزاختىن ساقلانغان بولىدۇ. دېمەك، ساغلام ئەقىدە جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

■ ئەقىدە ئىلىملىرى بىلەن مۇستەھكەم قوراللانغان كىشى تۇرلۇك شەك - شۇبھىلەردىن قوغدىنىشنى بىلىدۇ - دە، ئازغۇن پىكىرلەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

# ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسى

ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنى مەنبە قىلغان بىردىنبىر ساغلام ۋە توغرا ئەقىدە بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلەر سەردارى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلەر، ئۇلارغا سەمىمىيلىك بىلەن ئەگەشكەن تابىئىنلار، بۈيۈك ئىماملار ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان ئۆلىمالارنىڭ ئەقىدىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. كۈچلۈك دەلىل ۋە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان بۇ ئەقىدە ئۇزۇن ئەسىرلەر مابەينىدە تۈرلۈك پىرقىلەر ئارىسىدا مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ كەلمەكتە. شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھەقىقەت نۇرىنى قۇياش كەبى دۇنياغا چېچىپ، جاھالەت زۇلمەتلىرىنى يورۇتۇپ كەلمەكتە. بۈنىڭدىن كېيىنمۇ تاكى قىيامەتكە قەدەر پەقەت ئىسلام دۇنياسىغىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالەمىگە نۇر تاشلاپ ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلىغۇسى!

# ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت
# ئەقىدىسىگە ئائىت مۇھىم مەسىلىلەر

## كەلىمە تەۋھىد


**لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ**

ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر.

## كەلىمە شاھادەت

**أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ**

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر؛ يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر.


دىنىمىزنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى
ئىمان
ئىسلام
ئېھسان

# ئىمان ھەققىدە

## ئىماننى تونۇشتۇرۇش:

■ **ئىمان** ـ دىلدا تەستىقلاش، تىلدا ئىقرار قىلىش ۋە ئەمەللىرىدە ئىسپاتلاش دېمەكتۇر.

■ **دىلدا تەستىقلاش** ـ ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن دىلدىن ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

■ **تىلدا ئىقرار قىلىش** ـ «**أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَٰهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ** (ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر)» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

■ **ئەمەللىرى بىلەن ئىسپاتلاش** ـ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يېنىش بىلەن بولىدۇ.

## ئىماننىڭ ئالتە ئەركانى:

■ **ئىماننىڭ ئالتە ئەركانى:** ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىش، كىتابلىرىغا ئىشىنىش، پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، تەقدىرگە يەنى ھەر ياخشىلىق ۋە ھەر يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

## ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ مۇناسىۋىتى:

■ سالىھ ئەمەللەر ئىماننىڭ شاخچىلىرىدىندۇر.

■ سالىھ ئەمەللەر ـ ئىماننى كۈچەيتكۈچى، مۇكەممەللەشتۈرگۈچىدۇر.

■ گۇناھ - مەئسىيەتلەر ـ ئىماننى ئاجىزلاشتۇرغۇچى ۋە كېمەيتكۈچى، كۇپرىلىقنى زىيادە قىلغۇچىدۇر.

■ گۇناھ - مەئسىيەت قىلىش ئاسىيلىق ۋە پاسىقلىقتۇر، ئۇنى ھالال ساناش كۇپرىلىقتۇر.

■ چوڭ گۇناھ قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى ئاستىدا بولىدۇ. خالىسا، ئۇلارنى ئەپۇ

قىلىدۇ؛ خالىسا، ئازابلايدۇ.

■ چوڭ گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ مۇسۇلماننى ئاستا – ئاستا كۇپرىلىققا ئېلىپ بېرىش خەتىرى باردۇر.

## سالىھ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى:

سالىھ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: ئىمان، ئىخلاس ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار:

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاسمان – زېمىنغا، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىغا، تاغلارغا، ھايۋاناتلارغا، زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ھەمدە ئۇلاردىن باشقا كائىناتتىكى جىمى نەرسىلەرگە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىشى ۋاجىبتۇر.

**ئىماننى كۈچلەندۈرۈدىغان ئامىللاردىن:**

قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۇنىڭغا تايانغان پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىش؛ تەۋھىدنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم -سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىش؛ قۇرئان ئوقۇش ۋە ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىش؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىگە ئۈلگە قىلىش؛ ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرى ھەققىدە ئويلىنىش؛ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش؛ ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىش؛ نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش؛ تەقۋادار، سادىق بەندىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈش؛ كىشىلەرنى ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىش؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش؛ شېرىكتىن، كۇپرىلىقتىن، نىفاقتىن، بىدئەتتىن ۋە گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇش؛ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىش؛ دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە ۋە راھەت - پاراغەتلىرىگە بېرىلىپ كەتمەي، ئاخىرەتكە يۈزلىنىش؛ چوڭ گۇناھلارنى تامامەن تاشلاش ... قاتارلىقلار باردۇر.

**ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئامىللاردىن:** دىن ئىشلىرىنى، شەرىئەت ئىلىملىرىنى بىلمەسلىك؛ ھەقىقەتكە بىپەرۋالىق قىلىش؛ غاپىللىق؛ قارىغۇلارچە ئەگىشىش؛ سۈننەتنى تاشلاپ بىدئەتكە ئەگىشىش؛ ئازغۇن ئۆلىمالارغا ئەگىشىپ مېڭىش؛ شۈبھىلىك ئىشلارغا ئەگىشىش؛ كاپىر، مۇشرىك، بىدئەتچى ۋە پاسىقلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ مېڭىش؛ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلماسلىق؛ شەيتاننىڭ ۋە ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىش؛ يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش؛ گۇناھ - مەئسىيەت ئورۇنلىرىغا بېرىش؛ گۇناھلارغا ئاددىي قاراش ۋە گۇناھ بىلەن شۇغۇللىنىش؛ ئاللاھنىڭ زىكرىنى ئۇنتۇش؛ مال - دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىننەتلىرىگە ئالدىنىش؛ ئاياللار پىتنىسىگە ئۆزىنى ئۇرۇش؛ ئاخىرەت ئىشلىرىغا ھورۇنلۇق قىلىش؛ سالىھ ئەمەللەرنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىش ... قاتارلىقلار بار.

# ئىسلام ھەققىدە

## ئىسلامنى تونۇشتۇرۇش:

■ **ئىسلام كەلىمىسى ـ** بويسۇنۇش، باش ئېگىش، تەسلىم بولۇش، بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىمىلەردىن يېنىش دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

■ **ئىسلام دىنى ـ** ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي قىلىپ، ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە ۋە ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت، سىياسەت ۋە ئەخلاق ... قاتارلىقلارنىڭ جۇغلانمىسىغا بېرىلگەن ئىسىمدۇر.

## «ئىسلام» ۋە «ئىمان» ئارىسىدىكى پەرق:

«ئىسلام» كەلىمىسى بىلەن «ئىمان» كەلىمىسى، شۇنىڭدەك «مۇسۇلمان» كەلىمىسى بىلەن «مۇئمىن» كەلىمىسى بىر ئورۇندا ئارقىمۇئارقا ئىشلىتىلسە، پەرقلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

## ئىسلامغا كىرىشنىڭ شەرتى:

ئىسلامغا كىرىشنىڭ شەرتى شاھادەت كەلىمىسى (أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ) نى ئېيتىشتۇر.

## ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى:

**ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى** ـ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە قۇربى يەتسە ھەج قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## شاھادەت كەلىمىسىنىڭ شەرتلىرى:

1. شاھادەت كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش؛
2. جەزمىيەت بىلەن ئىشىنىش؛
3. قوبۇل قىلىش، چوڭچىلىق قىلماسلىق؛

4. بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىش، قارشى چىقماسلىق؛

5. راستچىل بولۇش، يالغان ئېيتماسلىق؛

6. ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش، شېرىك كەلتۈرمەسلىك؛

7. ياخشى كۆرۈش، ئۆچ كۆرمەسلىك.

**ئىسلامنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرى:**

■ ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولغان دىندۇر.

■ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلامدۇر.

■ ئىسلام قانداقتۇر يېقىندىن پەيدا بولغان دىن ئەمەس، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ ئىنسانلارغا دىن قىلىپ بېكىتىلگەندۇر.

■ ئىسلام دىنى قىيامەتكىچە باقىيدۇر.

■ ئىسلام دىنى قۇسۇرسىز، مۇكەممەل دىندۇر.

■ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق پەقەت ئىسلامغا كىرىش بىلەنلا بولىدۇ.

# ئېھسان ھەققىدە

## ئېھساننىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:

■ **ئېھسان:** «ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، ئىخلاس بىلەن قىلىش، ياخشى ھەم سۈپەتلىك قىلىش، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش، ياخشىلىق قىلىش» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

■ **ئېھسان** ــ مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرمىسىمۇ، خۇددى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىدۇر.

## ئېھساننىڭ ئەھمىيىتى:

■ ئاللاھ تائالا ئېھسان قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

■ ئاللاھ تائالا ئېھسان قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

■ ئاللاھ تائالا ئېھسان قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدۇ، ئۇلارغا ياردەم ۋە غەلىبە – نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

■ ئېھسان جەننەتكە كىرىشكە ۋە جەننەتتە ئاللاھ تائالانى كۆرۈشكە ۋەسىلە بولىدۇ.

■ ئېھسان ئىسلامنىڭ روھى، ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ۋە ئېھسانىغا ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر.

# تەۋھىد ھەققىدە

## تەۋھىدنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:

**تەۋھىد** ــ ئاللاھ تائالانى رۇبۇبىيىتىدە، ئۇلۇھىيىتىدە ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىدە يەككە - يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر.

## جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتى:

**تەۋھىد** ــ جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر، تەۋھىدى بولمىغان كىشى دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ.

# تەۋھىد

رۇبۇبىيەت تەۋھىدى

ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى

ئىسىم – سۈپەت تەۋھىدى

HAK
HARSEVER
ھەقسۆيەر

## 1. رۇبۇبىيەت تەۋھىدى ھەققىدە

**رۇبۇبىيەت تەۋھىدى** ــ ئاللاھ تائالانى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى، ھەممە نەرسىنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى، ھەربىر جانلىققا رىزىق بەرگۈچى ۋە پۈتۈن ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى دەپ ئېتىقاد قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاللاھ تائالانىڭ رۇبۇبىيىتى:**

■ ئاللاھ تائالا يەككە – يېگانىدۇر، شېرىكتىن پاكتۇر.

■ ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ئەمما ھېچبىر مەخلۇق ئاللاھ تائالادىن بىھاجەت ئەمەستۇر.

■ ئاللاھ تائالا تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، شېرىكتىن، خوتۇندىن ۋە بالىچاقىدىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ قارشىسىدا تۇرغۇچى، تەڭدىشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغۇچى ئەزەلدىن بولغىنى يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ ھەم

بولالمايدۇ.

■ ئاللاھ تائالانىڭ باشلىنىشى يوقتۇر، ھېچبىر شەيئى مەۋجۇت بولمىغاندىمۇ بار ئىدى؛ ئەزەلىيدۇر، باقىيدۇر، ھەممە شەيئى يوقالغاندىن كېيىنمۇ باردۇر.

■ ئاللاھ تائالا دەلىل ۋە قۇدرەتلىرى بىلەن ئاشكارىدۇر، زاتى مەخلۇقاتلىرىدىن مەخپىيدۇر.

■ پۈتكۈل سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىق ئاللاھ تائالاغا ئائىتتۇر، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر.

■ ئاللاھ تائالا ئەرش ۋە كۇرسىنىڭ ئىگىسىدۇر، ئەرش ۋە كۇرسى ھەقتۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى، مەرتىۋىسى، قەھرى، قۇدرىتى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.

## 2. ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى ھەققىدە

**ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىنى تونۇشتۇرۇش:**

**ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى** ــ جىمى تائەت - ئىبادەتلەرنى يېگانە ئاللاھ تائالاغىلا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن بۇ تەۋھىدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىدە رۇبۇبىيەت تەۋھىدى بولسىمۇ، ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان بولسا مۆئمىن ھېسابلانمايدۇ.

**ئىبادەت دېگەن نېمە؟**

■ **ئىبادەت** ـ ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان دىل، تىل ۋە ئۇلاردىن باشقا جىسمانىي ئەزالارنىڭ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن بارلىق ئەمەللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

■ **دىلنىڭ ئەمەللىرى** ــ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھ تائالادىن ئۈمىد قىلىش... قاتارلىقلاردۇر.

■ **تىلنىڭ ئەمەللىرى** ـ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ئوقۇش، ئىستىغپار ئېيتىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش، ئىلىم مۇزاكىرە قىلىش ... قاتارلىقلاردۇر.

■ **بەدەننىڭ ئەمەللىرى** ـ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، ئاتا – ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئىبادەت نىيىتى بىلەن ھالال كەسىپ ۋە ھالال تىجارەت قىلىش، جىھاد قىلىش ... قاتارلىقلاردۇر.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

## 3. ئىسىم – سۈپەت تەۋھىدى ھەققىدە

**ئىسىم– سۈپەت تەۋھىدىنى تونۇشتۇرۇش:**

**ئىسىم - سۈپەت تەۋھىدى** ـ ئاللاھ تائالانى قۇرئان كەرىمدىكى ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىكى ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن، ھېچبىر مەخلۇقاتقا ئوخشاتماستىن، تولغىماستىن، بۇرمىلىماستىن، يوققا چىقارماستىن، ئۇ زاتنىڭ كامالى ۋە جالالىغا لايىق رەۋىشتە سۈپەتلەش ۋە شۇ سۈپەتلىرىدە يېگانە، تەڭدىشى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر.

**ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم – سۈپەتلىرى:**

■ ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرى باردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ شۇ گۈزەل ئىسىم – سۈپەتلىرىنى قانچىلىك ياخشى بىلسە، ئاللاھ تائالانى شۇنچە ياخشى تونۇغىلى ۋە بىلگىلى بولىدۇ، ئىمانمۇ شۇنچە چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك بولىدۇ.

■ ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە شۇ ئىسىملار ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈپەتلەر ھەقتۇر.

■ ئاللاھ تائالانى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن ئىسىم – سۈپەتلىرىدىن باشقىسى بىلەن سۈپەتلەش، ئىسىم قويۇش ۋە چاقىرىش توغرا بولمايدۇ.

■ ئاللاھ تائالانىڭ يەنە قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلمىگەن، ھېچبىر مەخلۇقاتىغا بىلدۈرمەي، غەيب ئىلمىدە ساقلىغان ئىسىملىرى باردۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش ئەۋزەلدۇر.

## ئاللاھ تائالانى قانداق تونۇيمىز؟

بىز ئاللاھ تائالانى ئۆزى ياكى پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈپەتلىگەن ۋە ئاتىغان بويىچە تونۇيمىز. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنى قانداق سۈپەتلەشنى ۋە قانداق ئاتاشنى ئاۋۋال ئۆزى، ئۇنىڭدىن قالسا مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## زاتىي سۈپەت ۋە پېئىلىي سۈپەت:

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى زاتىي سۈپەت ۋە پېئىلىي سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

زاتىي سۈپەتلەر ـ ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، زاتىدا بار بولغان ئەزەلىي ۋە مەڭگۈلۈك سۈپەتلىرىدۇر. كالام، ھايات، ئىلىم، قۇدرەت، ئىززەت، ھېكمەت... قاتارلىقلارغا ئوخشاش سۈپەتلەر بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

پېئىلىي سۈپەتلەر ــ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز خاھىشىغا قاراشلىق ھەمدە يۈز بېرىشى زامان، ماكان، شەخس، شەيئى ... قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۈپەتلىرىدۇر. ياخشى كۆرۈش، رازى بولۇش، غەزەپ قىلىش، يامان كۆرۈش ... دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر. پېئىلىي سۈپەتلەر ئەسلىي ئېتىبارى بىلەن زاتىي سۈپەتلەردىندۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى كامالى ۋە جالالىغا لايىقتۇر:

■ ئاللاھ تائالا زاتىي ۋە پېئىلىي سۈپەتلىرى بىلەن كامالى ۋە جالالىغا لايىق رەۋىشتە سۈپەتلەنگۈچىدۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ زاتىي سۈپەتلىرى ئەزەلىيدۇر. پېئلىي سۈپەتلىرىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر يېڭى پەيدا بولغان ۋە داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پېئلىي سۈپەتلەر ئەسلىدە ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا بار بولغان ئەزەلىي سۈپەتلەردۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىشتىن ئىلگىرىمۇ ۋە كېيىنمۇ شۇ ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگۈچى زاتتۇر، قانداقتۇر ئىسىم - سۈپەتلىرى كېيىن پەيدا بولغان ئەمەستۇر.

## ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتىش كۇپرىلىقتۇر:

ئاللاھ تائالا زاتىي ۋە پېئلىي سۈپەتلىرىدە ھېچبىر شەيئىگە ئوخشىمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقىغا لايىق سۈپەتلەنگۈچىدۇر، ھەرقانداق ئادەم ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتلىرىنىڭ قايسىبىرىگە ئوخشىتىدىكەن، شەكسىز كاپىر بولىدۇ، ئاللاھ تائالانى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن، ئۇنىڭغا لايىق رەۋىشتە سۈپەتلەش ئاللاھ تائالانى مەخلۇققا ئوخشاتقانلىق ئەمەستۇر.

# ئىنسانلارنىڭ تۈرلىرى

دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار مەيلى قايسى دىن، قايسى مەزھەب، قايسى تەرىقەت ۋە قايسى ئېقىمدا بولسۇن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈردىن تاشقىرى ئەمەستۇر:

1. **مۇئمىن:** ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا تىلى بىلەن گۇۋاھلىق ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىمان ئېيتقان كىشى «مۇئمىن» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىن ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا مۇسۇلمانمۇ مۇئمىن تۈرىگە تەۋە بولىدۇ.

2. **كاپىر:** ئاللاھ تائالانىڭ رۇبۇبىيىتىنى، ئۇلۇھىيىتىنى ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا باشقا بىرىنى شېرىك قىلغان ياكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، قۇرئان كەرىمنى، پەرز ئەمەللەردىن بىرىنى ئىنكار

قىلغان ۋەياكى ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال، ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشى «كاپىر» دەپ ئاتىلىدۇ. شېرىك ــ كۆپرىلىقتۇر، مۇشرىك ماھىيەتتە «كاپىر» ھېسابلىنىدۇ. يەھۇدىلار ۋە خىرىستىيانلارمۇ مۇشرىك ھەم كاپىردۇر، ئەمما بىرقىسىم ئەھكاملاردا باشقا كاپىرلاردىن پەرقلىنىدۇ.

3. **مۇناپىق:** گەپ - سۆزى ۋە ئىش - ھەرىكىتىدە ئىمان ئېيتقانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان، ئەمما دىلىدا كۆپرىلىقنى يوشۇرغان كىشى «مۇناپىق» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ.

# شېرىك ھەققىدە

**شېرىك** ــ ئاللاھ تائالانىڭ رۇبۇبىيىتىگە، ئۇلۇھىيىتىگە باشقا بىرىنى شېرىك قىلىش ياكى ئىسىم – سۈپەتلىرىدىمۇ تامامەن ئوخشىشى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر.

**شېرىك** ـ چوڭ شېرىك ۋە كىچىك شېرىك دەپ تۈۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. **چوڭ شېرىك** ــ كىشىنى دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان، تەۋبىسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئەبەدىي دوزاختا قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان شېرىكتۇر. چوڭ شېرىكتىن تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئەڭ چوڭ زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، قەتئىي ئەپۇ قىلىنمايدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، سالىھ ئەمەللىرىگە ساۋاب بېرىلمەيدۇ، شاپائەت قىلىنمايدۇ.

**چوڭ شېرىكنىڭ مىساللىرى:** بەندىلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىدىن مەدەت سوراش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم – سۈپەتلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدە بىراۋنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىنى ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرگەندەك

ياخشى كۆرۈش، هالالنى هارام، هارامنى هالال قىلىسمۇ قارىغۇلارچە، مۇتلەق ئىتائەت قىلىش، ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بەزىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشكەن ياكى چۈشىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، بىر قىسىم كىشىلەرنى كائىناتنى ئىدارە قىلىدۇ دەپ ئىشىنىش، ئۆلۈكلەردىن تىرىكلەرگە پايدا ياكى زەرەر كېلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈم چىقىرىش سالاھىيىتى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىگە چوقۇنۇش، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ بار دەپ قاراش، ئۆلۈكلەردىن ۋە جىن-شاياتۇنلاردىن ھاجەت تىلەش... قاتارلىقلاردۇر.

2. **كىچىك شېرىك** ــ كىشىنى دىندىن چىقارمايدىغان، ئەمما چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان، ئىگىسىنى چوڭ شېرىككە سۆرەيدىغان شېرىكتۇر. كىچىك شېرىكتىن تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر.

**كىچىك شېرىكنىڭ مىساللىرى:** ئىبادەتتە رىيا قىلىش، تۇمار ئېسىش، ئاللاھ تائالانىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىش ... قاتارلىقلاردۇر.

# كۇپرىلىق ھەققىدە

**كۇپرىلىق** ـ ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىنى ياكى ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي مەسىلىلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش، ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈش ... قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

كۇپرىلىق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى چوڭ كۇپرىلىق (ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق)، يەنە بىرى كىچىك كۇپرىلىق (ئەمەلدىكى كۇپرىلىق) تۇر.

1. **چوڭ كۇپرىلىق** ـ كىشىنىڭ كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ۋە تەۋبىسىز ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى دوزاختا مەڭگۇ قالدۇرىدىغان كۇپرىلىقتۇر.

**چوڭ كۇپرىلىق بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ:**

**كۇپرى ئىنكار:** بۇ، ئاللاھ تائالانى ياكى دىندا ئېنىشىنىش زۆرۈر بولغان ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش ۋە ياكى بەش ۋاقىت ناماز، روزا، زاكات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھكاملارنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر.

**كۇپـــرى تـەكـەببــۇر:** بــۇ بولسـا ئىسـلام ئەھكاملىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، چوڭچىلىق قىلىپ بويسۇنماسلىق دېمەكتۇر. ئىبلىسنىڭ كۇپرلىقى بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر.

**كۇپـــرى شـــەك:** بــۇ بولسـا ئالتـە ئىماننىڭ قايسىبىرىگە ياكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شەك قىلىپ، گۇمان بىلەن قاراش دېمەكتۇر.

**كۇپرى ئىئراز:** بۇ، ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر.

**كۇپـــرى نىفاق:** بـۇ ئىچىدە ئىمـان ئېيتىپ قويۇپ، دىلىدا كۇپرلىقنى يوشۇرۇش دېمەكتۇر.

2. **كىچىك كۇپرلىق** ـ قۇرئان ۋە ھەدىستە كۇپرى سۆزى ئىشلىتىلگەن، ئەمما ئۇنى قىلغۇچى ئېغىر دەرىجىدە گۇناھكار بولسىمۇ، «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدىغان ئەمەللەردۇر. بۇنداق كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىش ـ كىرمەسلىكى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا باغلىق بولۇپ، كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەردە مەڭگۇ قالمايدۇ، شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى بىلەن چىقىدۇ.

**كىچىك كۇپرىلىقنىڭ مىساللىرى:**
نېمەتكە كۇپرىلىق قىلىش، بىرەر مۇسۇلماننى نەسەبى تۇپەيلى ئەيىبلەش ۋە ھاقارەتلەش، دادىسى ئەمەس بىر كىشىنى دادام دەپ دەۋا قىلىش ... قاتارلىقلاردۇر.

# تاغۇت ھەققىدە

**تاغۇتنى تونۇشتۇرۇش:**

ئاللاھ تائالادىن باشقا چوقۇنۇلغان ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنۇشىغا رازى بولغان بارلىق نەرسىلەر «تاغۇت» دېيىلىدۇ.

**ساھابە ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ تاغۇت ھەققىدىكى ئىزاھاتلىرى:** شەيتان، ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغۇچى، بۇت، غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغۇچى ۋە مەخلۇقنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن ياكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆرۈپ ھۆكۈم قىلغۇچى... دېگەندەك تاغۇتنىڭ چوڭ تۈرلىرىگە مەركەزلەشكەندۇر.

**تاغۇتنى ئىنكار قىلىش:**

تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ئىماننىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتى ۋە ئەقىدىنىڭ ئاساسىدۇر. تاغۇتقا چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىش شېرىك ۋە كۇپرىلىقتۇر.

# مۇناپىقلىق ھەققىدە

## مۇناپىقلىقنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:

**مۇناپىقلىق** – كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇۋېلىپ، دىلىدا كۇپرىنى يوشۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ مەنىگە ئاساسەن، «مۇناپىق» ئېغىزىدا ئىمان دەۋاسى قىلىپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان كۆرسىتىدىغان، ئەمما دىلىدا كۇپرىنى يوشۇرغان كىشىدۇر.

## مۇناپىقلىقنىڭ تۈرلىرى:

مۇناپىقلىق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئېتىقادىي مۇناپىقلىق، يەنە بىرى ئەمەلىي مۇناپىقلىقتۇر.

1. **ئېتىقادىي مۇناپىقلىق** - كىشىنىڭ قەلبىدە كۇپرىنى يوشۇرۇپ، گەپ -سۆزى ۋە ئىش - ھەرىكىتىدە ئىماننى ئاشكارا قىلىشىدۇر. ئېتىقادىدا نىپاق بولغان كىشى ماھىيەتتە كاپىردۇر، بارار جايى دوزاخنىڭ قەئرىدۇر.

2. **ئەمەلىي مۇناپىقلىق** – كىشىنىڭ

ئېتىقادىدا ئەمەس، بەلكى ئەمەللىرىدە ئادەتتە مۇناپىقلاردا كۆپ تېپىلىدىغان يالغان سۆزلەش، ئەھدىسىدە تۇرماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋە جېدەللەشكەندە ئېغىزىنى بۇزۇش دېگەندەك ئالامەتلەرنىڭ تېپىلىشىدۇر. بۇ ئىللەتلەردىن بىرەرسى بولغان ئادەم تاكى ئۇنى تەرك ئەتمىگۈچە، مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئىللىتىنى ئۆزىدە ساقلىغان بولۇپ، گۇناھكار بولىدۇ. ئەمەلدە مۇناپىقلىق سادىر بولغان كىشى ئېتىقادىدا مۇناپىقلىق بولمىسىلا، «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ.

## مۇناپىقلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان روشەن ئالامەتلىرى:

1. مۇناپىقلارنىڭ قەلبىدە كۇپرىلىق، شەك - شۈبھە كېسەللى بار. مۇناپىقلارنىڭ قەلبى بۇزۇق بولغاچقا، باشقا ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئويلايدۇ ۋە ھەر دائىم گۇمانخورلۇق قىلىدۇ؛

2. مۇناپىقلار كاپىرلار بىلەن جەم بولغاندا: «بىز سىلەر بىلەن بىر سەپتە» دەيدۇ، مۇئمىنلەر بىلەن بولغاندا: «بىز مۇئمىندۇرمىز، سىلەر

بىلەن بىلىمىز» دەيدۇ. ماھىيەتتە ئۇلار كاپىرلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ دوستلىشىدۇ، مۇسۇلمانلارغا زىيان سېلىشنى ئويلايدۇ؛

3. مۇناپىقلار ھالقىلىق پەيتلەردە ۋە قايناق جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ، ئورۇنسىز باھانىلەرنى كۆرسىتىدۇ؛

4. مۇناپىقلاردا ئىخلاس بولمايدۇ، قىلغان ئەمەللىرىدە ھەر دائىم رىياخورلۇق قىلىدۇ؛

5. مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانى ئەسلىمەيدۇ، زىكرى ئوقۇمايدۇ ياكى مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن ناھايىتى ئاز زىكرى ئوقۇيدۇ؛

6. مۇناپىقلار ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرگە ھورۇن كېلىدۇ، خۇشاللىق بىلەن ئىبادەت قىلمايدۇ؛

7. مۇناپىقلار سەدىقە قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛

8. مۇناپىقلار خەير - ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، سەدىقە قىلغانلارنى مەسخىرە قىلىشىدۇ؛

9. مۇناپىقلار ئۆزلىرى قىلمىغان ئىشلار بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ؛

10. مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ھۆكۈملىرىنى شەرىئەتكە سۇنمايدۇ؛

11. مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدۇ، پىتنە ئۇرۇقى چېچىپ، ئۆزئارا زىددىيەتكە تاشلاپ قويىدۇ؛

12. مۇناپىقلار زېمىندا ئۆزىنى ياخشىلىق قىلغۇچى، ئىسلاھاتچى كۆرسىتىپ پاساتچىلىق قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر؛

13. مۇناپىقلار مۇئمىنلەرگە مۇسىبەت كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا كاپىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تۈرلۈك سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ؛ مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق كېلىپ قالسا ياكى غەلىبە قازانسا، بەكمۇ قايغۇرىدۇ؛

14. مۇناپىقلار جىھادنى يامان كۆرىدۇ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ؛

15. مۇناپىقلار ئالدامچى، ساختىپەز كېلىدۇ، ھەر دائىم مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ؛

16. مۇناپىقلار ئاللاھ تائالا چەكلىگەن

ئىشلارغا بۇيرۇپ، بۇيرۇغان ئىشلاردىن توسىدۇ؛

17. مۇناپىقلار گۇناھىغا تەۋبە قىلمايدۇ، قۇرئاندىن ئىبرەت، ۋەز- نەسىھەت ئالمايدۇ؛

18. مۇناپىقلارنىڭ قەلبلىرى شەھۋەت كېسىلىگە تولغاندۇر.

19. مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنى ئەقىلسىز دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئەقىلسىزدۇر. ناۋادا ئۇلار ئەقىللىق بولسا ئىدى، ئىككى دۇنيادا شەرمەندە بولىدىغان يولنى تاللىمىغان بولاتتى؛

20. مۇناپىقلار ئىغىزىدا باتۇر، ئەمەلىيەتتە قورقۇنچاق كېلىدۇ؛

21. مۇناپىقلار كۆپىنچە يالغان قەسەم قىلىدۇ؛

22. مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىدۇر؛

23. مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتىدۇ؛

24. مۇناپىقلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، مۇبالىغە، ياسالما سۆزلەرنى كۆپ قىلىدۇ؛

25. مۇناپىقلارغا «ئاللاھتىن قورققىن» دېيىلگەن ھامان تەكەببۇرلۇقى تۇتىدۇ؛

26. مۇناپىقلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يامان كۆرىدۇ؛

27. مۇناپىقلار گاستۇر، گاچىدۇر، كوردۇر؛

28. مۇناپىقلار ساھابىلەرنى يامان كۆرىدۇ؛

29. مۇناپىقلار نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، نامازنى كۆپىنچە ئاخىرقى ۋاقتىغا سوزىدۇ، تەئدىل ئەركان بىلەن ئوقۇمايدۇ؛

30. مۇناپىقلار جامائەت نامىزىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

# بىدئەت ھەققىدە

**بىدئەتنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى:**

**بىدئەت** ـ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولغا قويمىغان، ئىسلامدا ھېچبىر ئاساسى بولمىغان، دىن نامىدىن پەيدا قىلىنغان ئەمەلدىن ئىبارەتتىنتۇر. بىدئەت دىل، تىل ۋە ئۇلاردىن باشقا جىسمانىي ئەزالاردىن سادىر بولىدىغان ئەمەللەردە كۆرۈلىدۇ. دۇنيالىق ئىشلاردا، تېخنىكا ۋە تەرەققىياتلاردا، شۇنداقلا ئىبادەتكە ۋاستە بولىدىغان ئىشلاردا بىدئەت بولمايدۇ.

**بىدئەت پەيدا قىلىشنىڭ ھۆكمى:**

بىدئەت پەيدا قىلىش كۈچلۈك دەرىجىدە هارام ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

**بىدئەتنىڭ تۈرلىرى:**

**بىدئەت** ـ ئېتىقادىي بىدئەت ۋە ئەمەلىي بىدئەتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. **ئېتىقادىي بىدئەت** ـ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسكە مۇخالىپ، دىن نامىدىن پەيدا قىلىنغان

ئېتىقادلارنى «ئېتىقادىي بىدئەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

### ئېتىقادىي بىدئەتنىڭ ھۆكمى:

ئېتىقادىي بىدئەت شېرىك ياكى كۇپرىلىقتۇر، تەۋبىسىز ئۆلۈپ كەتكەن كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

**ئېتىقادىي بىدئەتنىڭ مىساللىرى:** شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزىدىن ساقىت دەپ قاراش، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، قۇرئان بىلەن كۇپايىلىنىش باھانىسى بىلەن ھەدىسنى ئىنكار قىلىش، ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشىتىش، قەدەرنى ئىنكار قىلىش، بەزى ماشايىخلارنى كائىناتنى ئىدارە قىلىدۇ دەپ قاراش... قاتارلىقلاردۇر.

2. **ئەمەلىي بىدئەت** ــ ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولغا قويمىغان، كېيىن پەيدا قىلىنغان ئىشلار ياكى يولغا قويغان ئىبادەتلەرنى كەم – زىيادە قىلىش ۋە ياكى ئۆزىچە مەخسۇس شەكىل، مۇئەييەن ۋاقىت ۋە ئورۇن بەلگىلىۋېلىش ئارقىلىق پەيدا قىلىنغان ئىبادەت نامىدىكى ئەمەللەر «ئەمەلىي بىدئەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئەمەلىي بىدئەتنىڭ ھۆكمى:**

ئەمەلىي بىدئەت مەئسىيەتتۇر، گۇناھى چوڭ گۇناھتىن ئېغىردۇر. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىبادەت پەيدا قىلغانلىقتۇر.

**ئەمەلىي بىدئەتنىڭ مىساللىرى:** قەبرە ئۈستىگە مەسچىت سېلىش، قەبرە ئۈستىگە بىنا – ئىمارەت سېلىش، روزدېستۋو بايرىمى ئۆتكۈزۈش... قاتارلىقلاردۇر.

**بىدئەتنىڭ خەتىرى:**

- بىدئەت ئەمەل مەقبۇل بولمايدۇ؛
- بىدئەتنى قوللىغۇچى ئىسلامنى يىقىشقا ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ؛
- بىدئەتچى ئاللاھنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ؛
- بىدئەت كىشىنى كۇپرلىققا ئېلىپ بارىدۇ؛
- بىدئەت مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولىدۇ؛

■ بىدئەتچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ؛

■ بىدئەت پەيدا قىلغۇچىغا تا قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ بىدئىتىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھى يۈكلىنىدۇ؛

■ بىدئەت ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر، چوڭ گۇناھتىن ئېغىردۇر. چۈنكى، چوڭ گۇناھ قىلغان كىشى ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىپ تەۋبە قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بىدئەتچى كۆپىنچە تەۋبىسىز كېتىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى خاتا قىلدىم دەپ قارىمايدۇ.

# ئىماندىن چىقىرىدىغان بىر قىسىم ئامىللار

■ ئاللاھ تائالانىڭ رۇبۇبىيىتىگە، ئۇلۇھىيىتىگە باشقا بىرىنى شېرىك قىلىش ياكى ئىسىم – سۈپەتلىرىدىمۇ تامامەن بىر ياكى كۆپ ئوخشىشى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش شېرىكتۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئىنسانلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، جىنلارغا، بۇتلارغا، قەبرىگە، دەرەخلەرگە، تاشلارغا، قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزغا، كالىغا، ئوتقا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇش شېرىكتۇر.

■ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ئاللاھ تائالانىڭ باشقىسىدىن تىلەش شېرىكتۇر.

■ ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش شېرىكتۇر.

■ ئىسلامدىن باشقا بىر دىنغا يۆتكىلىش مۇرتەدلىك ۋە كۇپرىلىقتۇر.

■ كىشىلەرنى ئىسلامدىن باشقا بىر دىنغا چاقىرىش، تەشۋىق قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئاللاھ تائالانى، پەيغەمبەرلەرنى، پەرىشتىلەرنى، قۇرئان كەرىمنى، كەئبىنى ھاقارەتلەش ياكى ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق ئىسلامنىڭ سىمۋوللۇق ئىبادەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ دەلىلى قەتئىي پەرزنى ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ قۇرئان كەرىمنىڭ بىرەر ئايىتىنى ئىنكار قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىشمۇ كۇپرىلىقتۇر.

■ ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇنقى تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنى ئاللاھ تائالانىڭ نازىل قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىنكار قىلىش، مەسخىرە قىلىش، «زامانىمىزغا ماس كەلمەيدۇ» دەپ قاراش، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ تۈزگەن قانۇنى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ياكى تۆۋەن دەپ قاراش ... قاتارلىقلار كۇپرىلىقتۇر.

■ زىنا، ھاراق، جازانە قاتارلىق ھاراملىقى

ئېنىق گۇناھلارنى ھالال ساناش ياكى ھالال ئىش ۋە ھالال نەرسىلەرنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ پەرىشتە، ئىبلىس، جىن، تارازا - مىزان، جەننەت ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نېمەتلەر، دوزاخ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئازابلار... قاتارلىق غەيبلەرنى ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئىسلامغا زىت ھالدا، مۇتلەق ئەركىنلىك ۋە ھۆررىيەت دەۋاسى قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى، كاپىرلارنىڭ غەلىبىسىنى تىلەش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئىسلامغا ۋە شەرىئەتكە دۈشمەنلىك قىلىش، ھۇجۇم قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئىسلامنى بۈگۈنكى زامانغا ماس كەلمەيدۇ دەپ، ئۇنى پەقەت جايىنامازغا ۋە مەسچىتكە چەكلەپ قويۇپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي،

قانۇنىي، سىياسىي ساھەلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە شۇنداق قىلىشقا تەشۋىق قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئاسمان – زېمىننى ئاللاھ تائالا ياراتمىغان، ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان ياكى ئەزەلدىن بار ئىدى دەپ قاراش كۇپرىلىقتۇر.

■ ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دەپ قاراش كۇپرىلىقتۇر.

■ يەھۇدىيلىك، خرىستىيانلىق ۋە مەجۇسىيلىق قاتارلىقلار شېرىك ۋە كۇپرىلىقتۇر.

■ «ۋەھدەتۇلۋۇجۇد»[1] ئەقىدىسىدە بولۇش كۇپرىلىقتۇر.

■ «ھۇلۇلىييە»[2] ئەقىدىسىدە بولۇش كۇپرىلىقتۇر.

1 ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد: دۇنيادىكى ھەربىر شەيئىنىڭ ھەقىقىتى بىلەن ئاللاھنىڭ ھەقىقىتى بىردۇر، ئاللاھنىڭ مۇستەقىل بىر ھەقىقىتى، زاتى يوقتۇر، ھەر نەرسە ئاللاھتۇر دەپ قارايدىغان پەلسەپەۋى ئېقىم بولۇپ، ئىبنى ئەرەبىي، ئىبنى فارىز، ئىبنى سەبئىين، تەلمەسانىي قاتارلىقلار بۇ ئېقىمنىڭ يولباشچىلىرىدىندۇر.

2 ھۇلۇلىييە: ئۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى تۈردىكىلەر ئاللاھ تائالانى دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشكەن، بىرلەشمىگەن، مەخلۇقاتنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئايرىم ئورۇن تۇتقان دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى تۈردىكىلەر ئاللاھ تائالانى بەزى مەخلۇقاتنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشكەن دەپ قارايدۇ. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھلاشتۇرىۋالغان رافىزىيلار مۇشۇ تەبىقىدىندۇر. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلاشتۇرىۋالغان خىرىستىيانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەنسۇر ھەللاجى قاتارلىقلار بۇ ئېقىمنىڭ يولباشچىلىرىدىندۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئۆزىدىن ساقىت دەپ قاراش كۇپىرلىقتۇر، ئۇنداق ئېتىقادتىكىلەر كاززابلاردۇر.

■ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىش كۇپىرلىقتۇر.

■ ساھابىلەرنى ئومۇمەن ئازغۇن، كاپىر دېيىش كۇپىرلىقتۇر. چۈنكى، بۇ، ئاللاھنىڭ ساھابىلەر ھەققىدىكى «ئىنسانىيەت ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت» دېگەن گۇۋاھلىقىنى ۋە شۇ چاغدىكى شەرىئەتنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر؛ بەدرى غازىتىغا قاتنىشىپ، گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ بولغان ۋە رىزۋان بەيئىتىگە قاتنىشىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ بولغان ساھابىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

■ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ باتىنىي (يوشۇرۇن) مەنىسى بارلىقىنى باھانە قىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ساھابىلەرگە، تابىئىنلارغا ۋە ئىلىمدە چوڭقۇر ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئۆلىمالىرىغا ھەمدە زاھىرىغا مۇخالىپ، دەلىلسىز مەنە ئېيتىش ئازغۇنلۇقتۇر، ئېغىر بولغانلىرى كۇپىرلىقتۇر. شىئەلەردىن «ئىسمائىلىيە» پىرقىسى بۇنىڭ تىپىك

مىسالىدۇر.

■ ئاللاھ تائالانى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە قۇرئان كەرىمنى تىللاش ياكى تەنقىدلەش كۇپرىلىقتۇر.

■ قۇرئان كەرىمنى ھاجەتخانا ياكى قانداقتۇر بىر نىجاسەت ئورۇنغا تاشلاش، تۆۋەن كۆرۈپ يەرگە ئېتىش، خارلاش مەقسىتىدە كۆيدۈرۈش كۇپرىلىقتۇر.

■ كىرىست بەلگىسىنى ياقتۇرۇپ بويىنغا ئېسىۋېلىش كۇپرىلىقتۇر.

■كاھىنلار، پالچىلار، رەممالللارۋە سېھىرگەرلەر يالغانچىلاردۇر، ئۇلارنى تەستىقلاش كۇپرىلىقتۇر. دىندىن چىقىرىش – چىقارماسلىقى كونكېرت ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

# قالايمىقان «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ خەتىرى

بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان، كەبىگە يۈز كەلتۈرىدىغان، مۇسۇلمانلار بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يەيدىغان (يېيىش ھارام قىلىنغان ھايۋانلار ياكى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئۆلتۈرۈلمىگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدىغان) كىشىدە شېرىك ياكى كۇپرىلىق تېپىلمىسىلا، «مۇسۇلمان» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ. ئىماندىن يانمىغان ۋە ئىمانىنى بۇزمىغان مۇسۇلمان كىشىنى چوڭ ياكى كىچىك بىرەر گۇناھ سەۋەبلىك «كاپىر» دېيىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىر بولىدىغان گەپ – سۆز ۋە ئىش – ھەرىكەتلەرنى سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان مۇسۇلماننى ئالدىراپلا قالايمىقان «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم ناھايىتى نازۇك مەسىلە بولۇپ، قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم.

«كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ شەرت ۋە قائىدىلىرى ھەم شۇنداق ھۆكۈم قىلىشتىن چەكلەيدىغان بىر قىسىم ئامىللار ۋە ئۆزرىلەر بار.

مەسىلەن، بىلمەسلىك، يېڭى مۇسۇلمان بولۇش، تەئۋىل قىلىش، مەجبۇرلىنىش، تىل خاتالىقى، قاتتىق خۇشاللىق ياكى قاتتىق غەزەپتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويۇش قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئۆزرىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزرىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە قىلىنمايدىغان ھالەتلىرى بار. بۇنى يەكۈنلەش ۋە شەرىئەتكە تەتبىقلاشقا ئاۋام خەلقنىڭ سەۋىيەسى يەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا، كاپىر بولىدىغان گەپ – سۆز ۋە ئىش – ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلغان كىشىگە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاش ۋە ئۇنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىش شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ ياكى لاياقەتلىك، پىشقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھەققىدۇر. خالىغان كىشىنىڭ خالىغان كىشىگە خالىغانچە «كاپىر» دەپ ھۆكۈم كېسىپ، پىتنە – ئىغۋا قىلىش ۋە شەرىئەتنى ئويۇنچۇق قىلىۋېلىش، دىنىي شەخسىي ياكى ئۆز جامائىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋاستە قىلىۋېلىش ھەققى يوقتۇر.

# پەرىشتىلەر ھەققىدە

■ پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغاندۇر.

■ پەرىشتىلەر شەھۋەتتىن، گۇناھ - مەئسىيەتتىن خالىيدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە مۇتلەق بويسۇنغۇچى، ئىتائەتمەن بەندىلىرىدۇر.

■ پەرىشتىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قوشۇنلىرىدۇر، سانىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

■ پەرىشتىلەر يەپ - ئىچىش، ئۇخلاش، ئەركەك - چىشى بولۇش، نىكاھلىنىش، تۇغۇش - تۇغۇلۇش ... دېگەندەك سۈپەتلەردىن خالىيدۇر.

■ پەرىشتىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى قاناتلىق، بەزىلىرى ئۈچ قاناتلىق، يەنە بەزىلىرى تۆت قاناتلىق، يەنە بەزىلىرى كۆپ قاناتلىق بولىدۇ.

■ ھەربىر پەرىشتىنىڭ مۇئەييەن ۋەزىپىسى باردۇر. ئۇلارنىڭ بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چۈشكەنلىكى ھەقتۇر.

■ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مەنىۋى ھاياتلىق بولغان ۋەھىيگە مەسئۇلدۇر؛

ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىشەنچلىك، ئامانەتداردۇر؛ پۈتۈن پەرىشتىلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر. ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە سۆزلىگەن ۋە سۆزلەيدۇ.

■ مىكائىل ئەلەيھىسسالام ماددىي ھاياتلىقتا يەنى ھۆل - يېغىن ياغدۇرۇش، زىرائەتلەرنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈشكە مەسئۇلدۇر.

■ ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ ئۆلۈشى ئۈچۈن بىر قېتىم، تىرىلىشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سۇر چېلىشقا مەسئۇلدۇر.

■ ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى پۈتۈن جانلىقلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇلدۇر.

■ مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر، كىرامەن كاتىبىن (خاتىرىلىگۈچى) پەرىشتىلەر، ھەر ئىنساننىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدىكى ئىككى پەرىشتە، داۋاملىق تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ۋە ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر، مۇنكەر ۋە نەكىر پەرىشتىلىرى، قىيامەت كۈنى ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى سەككىز پەرىشتە، جەننەت ۋە دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ... قاتارلىق قۇرئان

ۋە ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان بارلىق پەرىشتىلەر ھەقتۇر.

■ جەننەتتە مۇئمىنلەر ئۇچۇن يارىتىلغان ھۆر – پەرىلەر ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان غىلمانلارنىڭ بارلىقى ھەق ۋە راستتۇر، ئۇلارنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ.

# قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ھەققىدە

■ **قۇرئان كەرىم** ـ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان، تىلاۋەتتىگە ئەجىر بېرىلىدىغان، ھېچكىم ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىگەن ۋە كەلتۈرەلمەيدىغان، پاساھەت ۋە بالاغەتتە تەڭدىشى يوق، قىيامەتكىچە قوغدىلىدىغان، «فاتىھە» سۈرىسىدىن باشلىنىپ، «ناس» سۈرىسى بىلەن ئاخىرلاشقان، 114 سۈرىدىن تەركىب تاپقان، ئاللاھ تائالا كالام سۈپىتى بىلەن سۆزلىگەن، روشەن ئەرەب تىلىدىكى مۆجىزە كالامدۇر.

■ ۋەھيي ھەقتۇر، قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزى ۋە مەنىسى ۋەھيىدۇر.

■ قۇرئان كەرىم مەخلۇق ئەمەستۇر[3] .

■ «قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى، توقۇلما، ئەپسانە، زامانغا ماس كەلمەيدۇ» دەپ جۆيلىگەن ياكى «مۇھەممەدنىڭ ئويدۇرمىسى» دەپ

3 بۇ سۆز بىلەن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئۆلىمالىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامىدۇر، كالام ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ۋە زاتىي سۈپىتىدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئەزەلىي كالامىدۇر، يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئەمەستۇر» دېگەن قۇرئان كەرىم ھەققىدىكى ئەقىدىسىگە ئىشارەت قىلىنغان ھەمدە مۇئتەزىلە ئەقىدىسىدىكىلەرگە رەددىيە بېرىش مەقسەت قىلىنغان.

بىلجىرلىغان ۋە ياكى شۈنداق ئېتىقاد قىلغان كىشى شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

■ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر ئايىتىگە ئىمان ئېيتىش پەرزدۇر، ئىنكار قىلىش ياكى مەسخىرە قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ قۇرئان كەرىم ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش، قوشۇش، كېمەيتىشتىن قوغدالغان ۋە قىيامەتكىچە قوغدىلىدىغان مۇقەددەس كىتابتۇر.

■ قۇرئان كەرىم جىمى ئىنسان ۋە جىنلار ئۈچۈن ھىدايەت كىتابىدۇر.

■ قۇرئان كەرىم جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللەرنىڭ شىپاسىدۇر.

■ قۇرئان كەرىم ئىككى دۇنيالىق بەخت – سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر، ئالەملەرگە رەھمەتتۇر، مۇبارەك كىتابتۇر.

■ قۇرئان كەرىم مۇكەممەل شەرىئەت ۋە قانۇن كىتابىدۇر، ھەر زامان، ھەر ماكان ۋە ھەر قەۋمگە ماس ھەم ئۇيغۇندۇر.

■ قۇرئان كەرىم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇ كىتابلاردىكى بىر قىسىم شەرىئەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچىدۇر.

■ قۇرئان كەرىمگە ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىگە چىڭ ئېسىلغانلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ.

## ھەدىس ھەققىدە

■ **ھەدىس** — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش – ھەرىكىتى، سۈكۈتى (باشقىلارنىڭ سۆز ۋە ئىش – ھەرىكىتىنى ماقۇللىشى)، جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرى ھەققىدە كەلگەن نەقىللەردىن ئىبارەتتۇر.

■ ھەدىسنىڭ مەنىسى ۋەھيي، لەۋزى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىتتۇر. ئۇنىڭدىكى شەرىئەت ۋە ھىدايەتنىڭ بايانى ھەقتۇر.

■ ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى دەلىل مەنبەسىدۇر.

■ ھەدىس كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقىغا قاراپ «مەقبۇل ھەدىس» ۋە «رەت قىلىنغۇچى ھەدىس» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

■ سەھىھ بولمىغان ھەدىسلەرنىڭمۇ

دەلىل قىلىنىدىغان – قىلىنمايدىغان، ئەمەل قىلىنىدىغان – قىلىنمايدىغان ھالەتلىرى ۋە بۇنى بەلگىلەيدىغان ئىنچىكە شەرت – قائىدىلەر باردۇر. ئاۋام خەلقنىڭ ياكى سالاھىيەتسىز كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە گەپ قىلىش ھەققى يوقتۇر.

■ ھەدىس قۇرئان كەرىمنىڭ ئىزاھاتى، شەرھىسى ۋە مەزمۇنىدۇر.

■ ھەدىسكە ئەمەل قىلغانلىق قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلغانلىق، ھەدىسنى تاشلىغانلىق قۇرئان كەرىمنى تاشلىغانلىقتۇر. قۇرئان كەرىم بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ھەدىسنى ئىنكار قىلىش روشەن ئازغۇنلۇقتۇر.

## ساماۋى كىتابلار ۋە سەھىپىلەر ھەققىدە

■ تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر قاتارلىق ساماۋى كىتابلار، ئىبراھىم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارغا بېرىلگەن سەھىپىلەر ئەسلىدە ھەق ۋە راستتۇر، كېيىن ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇرمىلانغان قىسمى رەت قىلىنىدۇ.

■ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف دىنىمىزنىڭ مەنبەسى ۋە شەرىئەت دەستۇرىمىزدۇر، ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئېھتىياجىمىز يوقتۇر.

■ ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ كىتابلارنى ئوقۇشى جائىز ئەمەستۇر.

### بەنى ئىسرائىلدىن كەلگەن رىۋايەتلەر:

بەنى ئىسرائىلدىن كەلگەن قىسسە ۋە رىۋايەتلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن بولغانلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛

2. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسكە مۇخالىپ بولغانلىرى رەت قىلىنىدۇ؛

3. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە راست ياكى يالغانلىقىغا دەلىل كەلمىگەنلىرى ئىنكارمۇ قىلىنمايدۇ، قوبۇلمۇ قىلىنمايدۇ.

# مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە

■ «مۇھەممەد» پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرەپلىك ئىسمىدۇر، ئۇ ئىسىل نەسەبتىن كەلگەن، تاللانغان پەيغەمبەردۇر، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم ئايمىقى ئىسىلزادىلىرىدىن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ نەۋرىسى ۋە ئابدۇللاھنىڭ ئوغلىدۇر. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەدنانغىچە بولغان نەسەب شەجەرىسىدە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوقتۇر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەبىدە پەرقلىق قاراشلار مەۋجۇتتۇر، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەبى ھەققىدە سەھىھ رىۋايەت يوقتۇر.

■ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان ۋە جىنلارغا ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن، راستچىل، گۇناھتىن خالىي، ئىشەنچلىك، ئۇممىي، ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.

■ ئاللاھ تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىنسانلارنى يەككە - يېگانە ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ۋە ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆمۈملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەندۇر.

■ ھېچبىر بەندە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان ئېيتىش ــ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاپ سۆزلىرىگە ئىشىنىش، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، سۈننىتى بويىچە ئىبادەت قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يېنىش دېگەنلىكتۇر.

■ قۇرئان كەرىم مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ، مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ تەقۋادار قۇلىدۇر، قۇللۇق ئۇنىڭ شەرەپلىك سۈپىتىدۇر.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنساندۇر، ئەمما رىسالەت ۋەزىپىسى بېرىلگەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ئىنساندۇر.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رىسالەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندۇر، دىنىدىن يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ھېچنەرسىنى چالا قويغان ياكى يوشۇرغان ئەمەستۇر.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغۇچىدۇر.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىيامەت كۈنى «ماقامى مەھمۇد» بېرىلىدۇ.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلىدىغان «چوڭ شاپائەت»، ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭلىشىپ قالغان كىشىلەرگە قىلىدىغان شاپائەت، دوزاخقا بۇيرۇلغان بەزى قەۋملەرنىڭ دوزاخقا كىرمەسلىكى ئۈچۈن قىلىدىغان شاپائەت، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىدىغان شاپائەت، 70 مىڭ كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن قىلىدىغان

شاپائەت، ئازابقا ھەقلىق بولغان كىشىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قىلىدىغان شاپائەت، جىمى مۆئمىنلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئىزنى بېرىلىشى ئۈچۈن قىلىدىغان شاپائەت ۋە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر ئۈچۈن قىلىدىغان شاپائەت قاتارلىق شاپائەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەقتۇر.

■ قۇرئان ۋە ھەدىستە بايان قىلىنغان ئاينىڭ يېرىلغانلىقى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بالىلىق ۋاقتىدا كۆكرىكىنىڭ يېرىلغانلىقى، بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققانلىقى، تۈكرۈكى ۋە دۇئاسى بىلەن كېسەلنىڭ ساقىيىشى، ئاللاھ بىلدۈرگەن دائىرە ئىچىدە غەيبتىن خەۋەر بېرىشى ... قاتارلىق مۆجىزىلەر ھەقتۇر.

■ ئىسرا (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە كېچىدە سەير قىلدۇرۇلغانلىقى) ۋە مىراج )شۇ كېچىدە ئاسمانغا ئۆرلەپ، جەننەت ۋە دوزاخنى سەير قىلدۇرۇلغانلىقى) ھەقتۇر.

■ ئاللاھ تائالا مىراج كېچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىۋاستە

سۆزلىگەندۇر.

■ ئاللاھ تائالا مىراج كېچىسى بەش ۋاقىت نامازنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىلىق بەندىلىرىگە پەرز قىلغاندۇر.

■ بىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ماختايمىز، ماختاشتا مۇبالىغە قىلىپ ئىلاھلاشتۇرۇۋەتمەيمىز.

# پەيغەمبەرلەر ھەققىدە

■ پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تاللىغان ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ ئامانەتدار، ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرى ۋە ئەلچىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەق ۋە ھىدايەتنىڭ ئۈستىدىدۇر.

■ قۇرئان كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋە قىسسىسى بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان ۋە قىسسىسى بايان قىلىنمىغان جىمى پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئىمان ئېيتىش پەرزدۇر؛ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ قۇرئان كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋە قىسسىسى بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى 25 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

■ ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ھۇد ئەلەيھىسسالام، سالىھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالام، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق

ئەلەيھىسسالام، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ھارۇن ئەلەيھىسسالام، ئىلياس ئەلەيھىسسالام، ئىليەسەئ ئەلەيھىسسالام، داۋۇد ئەلەيھىسسالام، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام، يەھيا ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

■ زۇلقەرنەين، تۇببە ۋە لۇقمان قاتارلىقلارنىڭ ئىسملىرى قۇرئان كەرىمدە، خىزىرنىڭ ئىسمى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىدە ئىختىلاپ باردۇر.

■ ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىردۇر، ئەمما بىر قىسىم شەرىئەت ئەھكاملىرىدا پەرق باردۇر.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار «ئۇلۇلئەزم (ئەزىيمەتلىك)» پەيغەمبەرلەردۇر.

■ ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن، ئاتا - ئانىسىز يارىتىلغاندۇر، ئىيسا ئەلەيھىسسالام

ئاللاھ تائالانىڭ «كُنْ / ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن كەلىمىسى بىلەن ئاتىسىز يارىتىلغاندۇر.

■ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خەلىيلۇللاھ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام زەبىيھۇللاھ، مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلىيمۇللاھ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەم خەلىيلۇللاھ ھەم ھەبىيبۇللاھتۇر.

■ ئاللاھ تائالا تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە سۆزلىگەندۇر.

■ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلمىگەن، دارغا ئېسىلمىغان، بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئۆرلىتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

■ نۇھ ئەلەيھىسسالام، سالىھ ئەلەيھىسسالام، داۋۇد ئەلەيھىسسالام، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ... قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەر ھەقتۇر.

■ مۇسا ئەلەيھىسسالام، داۋۇد ئەلەيھىسسالام، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار ۋە باشقىلار تەرەپتىن توقۇلغان تۆھمەتلەر يالغاندۇر. پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلىك ماقامىغا مۇناسىپ بولمىغان تۆھمەتلەردىن تامامەن پاكتۇر.

■ پەيغەمبەرلەر ئىنساندۇر، ئەمما گۇناھتىن مەئسۇمدۇر؛ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگىدۇر، ئەمما ئىنسانلارنىڭ سەرخىللىرى ۋە ئەڭ ئەۋزەللىرىدۇر.

# ئاخىرەت كۈنى ھەققىدە

■ ئۆلۈم ھەقتۇر، ھەر جانلىق ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگۈچىدۇر.

■ بەرزەخ ھاياتى ھەقتۇر، قەبرىدە بولىدىغان سوئال - سوراق ھەقتۇر، ئىنساندىن قەبرىدە تۆۋەندىكى سوئاللار سورىلىدۇ: رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟

■ قەبرىدە كاپىرلارغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاسىيلىرىغا ئازاب بولىدۇ، سالىھ بەندىلەرگە نېمەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت بېرىلىدۇ. قەبرىدىكى راھەت ياكى ئازاب، جەننەتتىكى راھەت ۋە دوزاختىكى ئازاب ھېسسىي ھەم مەنىۋىدۇر، جىسىم ۋە روھ ھەر ئىككىسىگە بولىدۇ.

■ قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇقەررەردۇر، قاچان بولۇشىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

■ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان قىيامەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئالامەتلىرى ھەقتۇر.

■ ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت

كۈنى پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ئۆلۈشى ئۈچۈن بىر قېتىم، تىرىلىشى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سۈر چالىدىغانلىقى ھەقتۇر.

■ ئۆلگەندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ جىسمى ۋە روھى بىلەن تىرىلىشى ھەقتۇر.

■ بەندىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا توپلىنىشى ۋە ئۇ يەردە بىر مۇددەت تۇرۇشى ھەقتۇر.

■ ھەۋزىكەۋسەر ھەقتۇر، ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇم ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسساپ قالمايدۇ.

■ مەھشەرگاھتا ھېسابنىڭ تېزلىتىلىشى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلىدىغان «چوڭ شاپائەت» ھەقتۇر.

■ بەندىلەرنىڭ ياخشى – يامان ئەمەللىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ھەقتۇر.

■ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن ھېساب ئېلىشى ھەقتۇر.

■ ئەمەل دەپتىرىنىڭ جەننەت ئەھلىگە ئوڭ تەرەپتىن، دوزاخ ئەھلىگە سول تەرەپتىن

بېرىلىشى ھەقتۇر.

■ سەھىپىلەرگە يېزىلغان ئەمەللەرنىڭ ئوقۇلۇشى ھەقتۇر.

■ تارازا - مىزان ھەقتۇر، ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىدىن ئېغىر كەلگەنلەر نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىدىن ئېغىر كەلگەنلەر ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

■ سىرات كۆۋرۈكى ھەقتۇر، ھەر كىشى ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكە مەجبۇردۇر، جەننەتكە لايىق كىشىلەر ئۇنىڭدىن ساغلام ئۆتۈپ، جەننەتكە كىرىدۇ؛ دوزاخقا لايىق بولغانلار ئۆتەلمەي، ئۇدۇل دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

■ قىساس ھەقتۇر، ھەربىر زالىمدىن مەزلۇمنىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھېچكىمگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ.

■ جازا - مۇكاپات ھەقتۇر. دۇنيادا قىلغان ھەربىر چوڭ - كىچىك، ياخشى - يامان ئىشنىڭ جازا - مۇكاپاتى باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەننەت ۋە دوزاخ يارىتىلغان، ھازىرمۇ باردۇر، مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

■ مۇئمىنلەرنىڭ جايى جەننەتتۇر، جەننەت ۋە

ئۇنىڭ ئىچىدىكى نېمەتلەر ھەقتۇر، كاپىرلارنىڭ جايى دوزاختۇر. دوزاخ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئازابلارمۇ ھەقتۇر، مەڭگۈ داۋاملىشقۇچىدۇر.

■ مۇئمىنلەرنىڭ تەۋبىسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئاسىيلىرى ۋە پاسىقلىرى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى ئاستىدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جەننەتكە لايىق كۆرسە، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ؛ دوزاخقا لايىق كۆرسە، دوزاخقا كىرگۈزىدۇ.

■ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنغان تۇرلۇك كىشىلەرگە بېرىلىدىغان تۇرلۇك شاپائەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەقتۇر.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قۇرئان كەرىم، سالىھ ئەمەللەر، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، ئۆلىمالار، شېھىتلار، مۇئمىنلەر، نارەسىدە ئۆلۈپ كەتكەن بالىلار... قاتارلىقلارنىڭ شاپائەت قىلىشى ھەقتۇر.

■ شاپائەتلەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى ۋە رازىلىقىغا باغلىقتۇر.

■ كاپىرلارغا ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ.

■ ئاللاھ تائالانىڭ پەزل – كەرەمى ۋە چەكسىز رەھمىتى بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ بىر بۆلەك

گۇناھكارلىرىنى گۇناھىغا تۇشلۇق ئازابلىغاندىن كېيىن دوزاختىن چىقىرىشى ھەقتۇر.

■ بەندىلەر ئاللاھ تائالانى بۇ دۇنيادا كۆرەلمەيدۇ، پەقەت مۇئمىنلەر جەننەتتە ئاللاھ تائالانى ئاسماندىكى تولۇن ئاينى كۆرگەندەك كۆرىدۇ. جەننەتتىكى ئەڭ لەززەتلىك نېمەتمۇ ئاللاھ تائالانى كۆرۈش نېمىتىدۇر.

■ جەننەت ئەھلىگە ۋە دوزاخ ئەھلىگە قەتئىي ئۆلۈم يوقتۇر، ئۇلار بەلگىلەنگەن جايىدا مەڭگۈ قالغۇچىدۇر.

# قازا ۋە قەدەر ھەققىدە

■ **قـازا** ـ ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ئەزەلىي ئىلمى بويىچە پەيدا قىلىش، يوق قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىشى ۋە ۋۇجۇدقا چىقىرىشى دېمەكتۇر.

■ **قەدەر** ـ ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ جىمى ئىشلىرىنى ئەزەلىي ئىلمىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇشى دېمەكتۇر.

■ قۇرئان ۋە ھەدىستە قەدەر كەلىمىسى كۆپرەك ئىشلىتىلىسىمۇ، بەزىدە قازا ۋە قەدەر كەلىمىلىرى بىر – بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**قەدەرنىڭ تۆت تۈرى:**

بەندە قەدەرنىڭ تۆۋەندىكى تۆت تۈرىگە ئىمان ئېيتمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ:

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن، ھازىرمۇ ۋە داۋاملىق چوڭ – كىچىك ھەممە ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەپسىلىي بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ – كىچىك بارلىق

ئىشلارنى لەۋھۇلمەھفۇزدا پۈتكەنلىكىگە ئىشىنىش.

3. كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسە ياكى ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى ۋە قۇدرىتى بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

4. بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن قوشۇپ يېگانە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىغا ئىشىنىش.

■ قەدەر ـ ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن يوشۇرغان سىرىدۇر. ئازغۇنلاردىن باشقىلار ئۇ توغرىسىدا كوچىلاپ دەتالاش قىلىشمايدۇ. ئىمان پەقەت قەدەرنىڭ ھېكمەتلىك سىر ئىكەنلىكىگە تەسلىم بولۇش بىلەنلا مۇستەھكەم ھەم ساغلام بولىدۇ.

■ قەدەر ـ ئىماننىڭ بىر رۈكنى بولۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

■ ھەرقانداق ئىش ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ، بەندىلەرنىڭ خاھىشى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى ئاستىدا بولىدۇ.

■ ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنى ھىدايەت

قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى خار قىلىدۇ.

■ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە ھېچنەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان ئىش مەخلۇقاتلارنىڭ خالاش - خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئىجرا بولىدۇ.

■ ئاللاھ تائالانىڭ قارارى رەت قىلىنمايدۇ، ھۆكمى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، ھەر زامان غالىبتۇر، ھېچ ئىشتا مەغلۇپ بولمايدۇ.

■ قەلەم ھەقتۇر، لەۋھۇلمەھفۇز ھەقتۇر، بارلىق مەخلۇقاتلار ۋە چوڭ - كىچىك ھەربىر شەيئى، ھەربىر ئىش يارىتىلىشتىن ئىلگىرى لەۋھۇلمەھفۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر، كۆپەيتىلمەيدۇ، كېمەيتىلمەيدۇ، ئالماشتۇرۇلمايدۇ، ئۆزگەرتىلمەيدۇ، قازا ۋە قەدەردە پۈتۈلگەن بويىچە بولىدۇ.

■ ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلىرىنى بىلىپ ياراتقان، مەخلۇقاتلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچنەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر.

■ دۇئا ۋە ياخشىلىقلار سەۋەبلىك مەيدانغا كېلىدىغان ئۆزگىرىشلەرمۇ لەۋھۇلمەھفۇزدا

خاتىرىلەنگەن بويىچە بولىدۇ، سەۋەبلەر ھەم نەتىجىلەرمۇ شۇ بويىچە بولىدۇ.

■ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ئاسىيلىق قىلىشتىن چەكلىگەن. لېكىن، ئاللاھ تائالا بەندىلەر دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلى ياكى دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكىنى ئەزەلىي ئىلمى بىلەن بىلگەن زاتتۇر.

■ بەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ جىمى ياخشى - يامان ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا ياراتقاندۇر.

■ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ.

■ ئاللاھ تائالا قىلغانلىرىدىن سورالمايدۇ، ئەمما بەندىلەر قىلغان ھەربىر گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن سورىلىدۇ.

■ ھالال ۋە ھارام رىزىقتۇر، ئاللاھ تائالا بارلىق جانلىقلارغا رىزىق بېرىشنى ئۈستىگە ئالغاندۇر.

■ ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ رىزقىنى يېيەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان

رىزىقىنىلا يەيدۇ.

- بەندە ھەربىر رىزىقتىن سوراق قىلىنىدۇ.

## دوست ۋە دۈشمەن ھەققىدە

■ مۆئمىنلەرنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى ئاللاھ تائالا ئۈچۈندۇر.

■ مۆئمىنلەر مۆئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە دوستلىرىدۇر، ئۆزئارا دوستلىشىشى ۋاجىبتۇر.

■ ھەممە مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان دوستلۇق دەرىجىلىرى تەقۋادارلىقلىرىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

■ كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىدۇر، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى مۆئمىنلەرنىڭمۇ دۈشمەنلىرىدۇر. كاپىرلارغا دوزاختا بولىدىغان ئازاب جىنايەتلىرى ۋە زۇلۇملىرىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

■ كاپىرلارغا ئەمەلىي دۈشمەنلىك مۇئامىلىسى قىلىش - قىلماسلىق ئۇلارنىڭ تۇرى، مۇئامىلىسى ۋە ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

■ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق تۆت راشىد

خەلىپە مۆئمىنلەرنىڭ دوستلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى خەلىپىلىك ماقامىغا ئولتۇرۇش تەرتىپىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

■ ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئۇلارغا سەممىي ساداقەت بىلەن ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمانلار مۆئمىنلەرنىڭ دوستلىرىدۇر.

■ مۆئمىنلەر سالىھ، ئادىل ۋە ئىشەنچلىك مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛ پاسىق، زالىم ۋە خىيانەتكارلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى ئاللاھنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىگە باغلىقتۇر.

■ مۆئمىنلەر ساھابىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ياخشى كۆرۈشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ ياكى نۇقسانلىق قىلمايدۇ، ئۇلارنى كېيىنكىلەردىن ئەۋزەل بىلىدۇ.

## مۇھىم مەسىلىلەردىن...

■ ھۆكۈمرانلار (خەلىپە، سۇلتان، ئەمىر ... قاتارلىقلار) ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇمىسىلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا بويسۇنۇشى ۋاجىبتۇر.

■ مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىۋېتىش دۇرۇس ئەمەس، بەلكى ھارامدۇر، خىيانەتتۇر.

■ پاسىق ياكى زالىم ئىمامنىڭ كەينىدە ئوقۇلغان ناماز دۇرۇستۇر، شۇنداقتىمۇ تەقۋادار، ئادىل كىشىنى تاللاش ئەۋزەلدۇر.

■ پاسىقنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىلىدۇ.

■ كاپىرنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلمايدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىلمايدۇ.

■ ھىجرەت بىلەن جىھاد سەۋەب ۋە شەرتلىرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئىبادەتتۇر.

■ دىنىمىزدا مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە

ئابرۇيىغا چېقىلىش ھارامدۇر.

■ ئۆلۈم جازاسىغا تېگىشلىك بولمىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇش قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش جائىز ئەمەستۇر.

■ مەقسىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلماننىڭ پۇل – مېلىنى ئوغرىلاش، بۇلاش، خىيانەت قىلىش ۋە ئالداپ ئېلىۋېلىش ھارامدۇر.

■ مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، بۆھتان چاپلاش، تۆھمەت قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىش، رەسۋا قىلىش، سازايى قىلىش ئارقىلىق ئابرۇيىنى تۆكۈش ھارامدۇر.

# جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەنلەر ھەققىدە

■ قۇرئان ۋە ھەدىستە جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىشى روشەن بايان قىلىنغان كىشىدىن باشقا مۇئەييەن بىر مۇسۇلمانغا جەننەت ياكى دوزاخ بىلەن جەزم قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىلمەيدۇ.

■ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەھىھ ھەدىستە ئىسمىنى بىراقلا تىلغا ئالغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ئون كىشى جەننەت ئەھلىدىندۇر. ئۇلاردىن باشقا ئايرىم - ئايرىم ھەدىسلەردە ھەسەن ۋە ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، بىلال، ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن، سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

قاتارلىق مۆئەييەن ساھابىلەرنىڭمۇ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكى زىكرى قىلىنغان.

■ بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان، رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار ئومۇمەن جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەندۇر.

## بۇلارغا مۇنداق قارايمىز

■ ھەزرىتى مەريەم ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پاك، ئىپپەتلىك، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن، سالىھە ئاياللاردۇر.

■ ساھابىلەر ھەققىدە ياكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ۋە ئەۋلادلىرى ھەققىدە بولمىغۇر سۆز - چۆچەكلەرنى قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

■ تەلھە، زۇبەير، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتارلىق ساھابىلەر بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىمىز، ئۇلار ھەققىدە تىلىمىزنى ۋە دىلىمىزنى پاك تۇتىمىز، ئۇلارغا ئاللاھتىن رازىلىق ۋە رەھمەت تىلەيمىز. ئۇلار ئىسلامدا تۆھپىلىرى كۆپ، ئۇلۇغ ساھابىلەردۇر.

■ سەلەف سالىھلار ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتكە تەۋە بولغان ئىلىم ئەھلىلىرى ھەققىدە يامان سۆزلەرنى قىلىش، ئۇلارنى ھاقارەتلەش ئەدەپسىزلىك ۋە گۇناھتۇر، ئۇلارمۇ خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز.

# ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدە

■ بارلىق مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلىيالىرى (يېقىن بەندىلىرى) دۇر. ئۇلارنىڭ ئەۋلىيالىق دەرىجىسى ئىمانىنىڭ كۈچلۈك – ئاجىزلىقىغا ۋە تەقۋالىق دەرىجىلىرىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

■ ئىمان ئېيتقان، سالىھ ئەمەللەرنى قىلىدىغان، تەقۋادار، پەرز – ۋاجىبلاردىن باشقا نەپلە ئەمەللەرنىمۇ كۆپ قىلىدىغان، ھارامدىنلا ئەمەس، بەلكى مەكرۇھلاردىنمۇ يىراق تۇرىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىنسىمۇ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلمايدىغان، كۆرەڭلەپ كەتمەستىن ئېخىمۇ كەمتەر، تەقۋادار بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەر ئاللاھنىڭ يېقىن ئەۋلىيالىرىدۇر.

■ ئەۋلىيالارنىڭ مەرتىۋىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىدىن تۆۋەندۇر.

■ كارامەت ــ ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلىيالىرىغا بەرگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىكرامىدۇر. ئۇ

قىيامەتكىچە توختاپ قالمايدۇ.

■ ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن ئىشەنچلىك ۋە دەلىللىك بولغانلىرى ھەق ۋە راستتۇر.

■ كارامەت بېرىلگەن ئەۋلىيالار ئىماندا مۇستەھكەم تۇرىدىغان، تەقۋادار، سالىھ، كەمتەر، غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلمايدىغان بەندىلەردۇر.

■ ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلىپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغانلار كارامەت بېرىلگەن ئەۋلىيا ئەمەس، بەلكى كاززاب، كاپىر ۋە سېھىرگەرلەردۇر.

■ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە ساغلام ئەقىدە ۋە ھەق يول ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇشىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ شۇ بەندىسىگە قىلغان ئالاھىدە ئىكرامى ۋە كارامەتلىرى جۈملىسىدىندۇر.

## دۇئا ۋە سەدىقە ھەققىدە

■ دۇئا ــ ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

■ شېرىك ۋە كۇپرى ئارىلاشقان دۇئالارنى قىلىشقا بولمايدۇ.

■ ئاللاھ تائالادىن گۇناھقا ياتىدىغان تىلەكلەرنى تىلەشكە بولمايدۇ.

■ دۇئانىڭ مەقسەتلەرگە يەتكۈزۈشتە، بالايى - ئاپەتلەرنى ۋە مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشتە كۈچى ۋە تەسىرى باردۇر.

■ دۇئا ۋە سەدىقىنىڭ ئۆلۈكلەرگە مەنپەئىتى باردۇر.

مانا بۇلار ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ ھەممە ئۇلارغا ئەگەشكەن بىزلەرنىڭ دىنىمىز، ئېتىقادىمىز ۋە يولىمىزدۇر. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالادىن بىزنى ئىماندا مۇستەھكەم قىلىشىنى، ئىمان بىلەن ۋاپات تاپقۇزۇشىنى، ھەرخىل ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن، بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولىدىغان كۆز - قاراشلاردىن، مۇرجىئە، جەھمىيىيە، مۇجەسسىمە، مۇشەببىھە، مۇئتەزىلە، خاۋارىج، جەبەرىيىيە ۋە قەدەرىيىيە ... قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىن چەتنىگەن ئازغۇن مەزھەپلەردىن يىراق قىلىشىنى تىلەيمىز.

# ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرى

ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە تۇتاشقان ساغلام مەنبەلىك ئەقىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

■ ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتىدۇ، بىدئەتتىن ئۇزاق تۇرىدۇ.

■ ئۇلار ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان ھىدايەت ئىماملىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدۇ.

■ ئۇلارنىڭ يولى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان يولدۇر.

■ ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىسكە چىڭ ئېسىلىدۇ.

■ ئۇلار ئايەت ۋە ھەدىسكە تامامەن تەسلىم بولىدۇ.

■ ئۇلار ئۆلىمالىرىغا ۋە رەھبەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ.

■ ئۇلار ئايەت ۋە ھەدىسنى چۈشىنىشتە سەلەف سالىھلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ.

■ ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىدۇ، بىدئەت پەيدا قىلمايدۇ.

■ ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

■ ئۇلار ئەقىدە ۋە ئەھكاملاردا ھەدىسنىمۇ دەلىل قىلىدۇ.

■ ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا بىرىنى خاتالىقتىن مەسۇم (گۇناھسىز) دەپ قارىمايدۇ.

■ ئۇلار بىرەر شەخسكە مۇتەئەسسىپلىك قىلمايدۇ؛ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۆزى قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلسە، قوبۇل قىلىدۇ؛ ئۇيغۇن كەلمىسە، قوبۇل قىلمايدۇ.

■ ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

■ ئۇلار ئىسلامغا بىر پۈتۈن كىرىدۇ يەنى بەزىسىنى تاللاپ، بەزىسىنى شاللىمايدۇ.

■ ئۇلار ئىلگىرىكى سەلەف ئۆلىمالىرىنى ۋە ھىدايەت پېشۋالىرىنى تىللىمايدۇ.

■ ئۇلار مەسىلىلەردىن ھۆكۈم ۋە يەكۈن چىقىرىشتا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى جەملەپ، ئەتراپلىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، دەلىللەرنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرمايدۇ، بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىدۇ.

■ ئۇلار ھەم ئىلىمگە، ھەم ئىبادەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىرىگە بېرىلىپ، يەنە بىرىنى تاشلىمايدۇ.

■ ئۇلار ھەم ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ھەم سەۋەبنى چىڭ تۇتىدۇ، ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىمايدۇ.

■ ئۇلار مال - دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتمەيدۇ، تەركىدۇنيامۇ بولۇۋالمايدۇ.

■ ئۇلار ئاللاھتىن قورقىدۇ، ھەم ياخشى كۆرىدۇ. قورقۇپ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ، ئۈمىدلىنىپ ئاسىيلىق قىلمايدۇ.

■ ئۇلار ئەقلىي دەلىلگە ھۆرمەت قىلىدۇ،

ئەمما ئەقلىي دەلىل بىلەن نەقلىي دەلىل قارشىلىشىپ، بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغاندا، نەقلىي دەلىلنى ئەقلىي دەلىلدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ.

■ ئۇلار ھەر ئىشتا ئادالەتنى ئاساس قىلىدۇ.

■ ئۇلار ئىلمىي ئامانەتكە رىئايە قىلىدۇ، ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل دەيدۇ، ھەق بىلەن باتىلنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ، ھەق كىمدە بولسا، قوبۇل قىلىدۇ.

■ ئۇلار ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ، ئاشقۇنلۇق قىلىپ ھەقتىن ھالقىپ كەتمەيدۇ، سەل قاراپ ھەقنىڭ كەينىدە قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن پىرقىلەر ئارىسىدا تۇتقان يولى ئوتتۇراھال يولدۇر.

■ ئۇلار ئەقىدىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىدە بىردەك يول تۇتىدۇ، ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ.

■ ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق ئۈستىدە بىرلىشىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

■ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئەپۇچان، مەرھەمەتلىكتۇر، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاداۋەت قىلمايدۇ.

■ ئۇلار خاتالىقى كۆرسىتىپ بېرىلسە، ھەققە قايتىشتىن باش تارتمايدۇ.

■ ئۇلار گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆزگە ئۆلچەم قىلىدۇ، ناچار ئىللەتلەردىن ئۇزاق تۇرىدۇ.

■ ئۇلار كىشىلەرنى ئىلىم - ھېكمەت، چىرايلىق نەسىھەت ۋە تۈرلۈك گۈزەل ئۇسلۇبلار بىلەن ئىسلام دىنىغا چاقىرىدۇ.

■ ئۇلار كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىپ، جەننەتكە كىرىشكە بەكمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، ھېچكىمنىڭ دوزاخقا كىرىشىنى خالىمايدۇ، بار كۈچى بىلەن جەننەت يولىغا چاقىرىدۇ.

■ ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدا گۇناھ - مەئسىيەت يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ، پاساتچىلىقلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، ھەممە كىشى پاسىقلىشىپ يولدىن چىقىپ كەتسىمۇ، ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ، تەقۋالىقنى قولدىن بەرمەيدۇ.

■ ئۇلار ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن تۇتىدۇ.

■ ئۇلار مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، ئىرقۋازلىق قىلىشىپ بىر

– بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشمايدۇ، بۇنداق قىلىشنى جاھىلىيەتنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ.

■ ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى تۇراقلىق، مەيدانى مۇستەھكەمدۇر.

■ ئۇلار ئاللاھ يولىدا ھەممە نەرسىسىنى، ھەتتا جېنىنىمۇ پىدا قىلالايدۇ، دىنىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ.

■ ئۇلار قارشى پىكىر ياكى ئوخشىمىغان ئەقىدىدىكىلەرنى ئورۇنسىز ۋە دەلىلسىز ھالدا كاپىر، پاسىق ياكى بىدئەتچى دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ، بولۇپمۇ تەكپىرچىلىكتىن بەكمۇ يىراق تۇرىدۇ.

■ ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ھەققىدە دىلىنى ساغلام، تىلىنى پاك تۇتىدۇ. ئۇلارنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن چىقىرىلغان «ئەڭ ياخشى ئۈممەت» دەپ قارايدۇ.

■ ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى تۇرلۇك بوران -چاپقۇنلاردىن ساق - سالامەت چىققان، داۋالغۇش ۋە تېڭىرقاشتىن خالىي، يىلتىزى چوڭقۇر، مۇستەھكەم ئەقىدىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز ئەقىدىسىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ساغلام ئەقىدە ئىكەنلىكىگە جەزمەن ئىشىنىدۇ.

■ ئۇلار ئاڭلىغانلا خەۋەرگە ئىشەنمەستىن، ئېنىقلاپ قارار چىقىرىدۇ. باشقىلار ئۈستىدىن ئالدىراقسانلىق بىلەن ھۆكۈم چىقارمايدۇ.

■ ئۇلار ھەق يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، جاپادىن قورقمايدۇ، يولىدىن قايتمايدۇ.

■ ئۇلار ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدە بولغانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇندۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ.

# ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ يول بەلگىلىرى

■ ئىسلام ھاياتنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلاھىي تۈزۈمدىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام ساغلام ئەقىدە ۋە سۈننەتكە لايىق ئىبادەت دېمەكتۇر، ئىسلام دۆلەت دېمەكتۇر، ئىسلام ۋەتەن دېمەكتۇر، ئىسلام ئۈممەت دېمەكتۇر، ئىسلام كۈچ - قۇدرەت دېمەكتۇر، ئىسلام ھاكىمىيەت دېمەكتۇر، ئىسلام رەھىم - شەپقەت ۋە ئادالەت دېمەكتۇر، ئىسلام گۈزەل ئەخلاق دېمەكتۇر، ئىسلام مەدەنىيەت ۋە قانۇن دېمەكتۇر، ئىسلام ئىلىم ۋە تەرەققىيات دېمەكتۇر، ئىسلام كەسىپ ۋە بايلىق دېمەكتۇر، ئىسلام جىھاد ۋە دەۋەت دېمەكتۇر، ئىسلام پىكىر ۋە ھەرىكەت دېمەكتۇر. دېمەك، ئىسلام يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇكەممەل ئىلاھىي نىزامدۇر.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ ئەقىدىسى ئاشقۇنلۇق ۋە سەل قاراشتىن خالىي، ئەڭ ساغلام، ئەڭ توغرا ئەقىدىدۇر.

■ قۇرئان - ھەدىسنىڭ ھۆكمى ۋە ئىلگىرىكى سەلەف ئالىملىرىنىڭ قارىشى بويىچە، ئىمان -

دىلىنىڭ تەستىقى، تىلىنىڭ ئىقرارى ۋە ئۇلاردىن باشقا جىسمانىي ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، ئۇ سالىھ ئەمەللەر بىلەن كۈچلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ، گۇناھ - مەئسىيەتلەر بىلەن ئاجىزلىشىدۇ ۋە كېمىيىدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئۆلىمالىرى ئەقىدە ياكى پىكىردىكى ئوخشىماسلىق سەۋەبىدىن كاپىرلىقىغا بىرلىككە كېلىنمىگەن ھەرقانداق بىر پىرقىنى «كاپىر» دەپ قارىمايدۇ، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتمايدۇ. مۇرتەد بولىدىغان ئەقىدە ياكى گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتە بولمىغان مۇسۇلمانىنى ئەسلا كۇپۇرغا مەنسۇپ قىلمايدۇ. كۇپۇرلۇققا ھۆكۈم قىلىشتا ئۇنىڭ شەرت ۋە قائىدىلىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن رىئايە قىلىدۇ.

■ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەر ئاللاھنى زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە يەككە - يېگانە، ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوق دەپ تونۇيدۇ.

■ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەر ئاللاھ تائالانى قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىستە كەلگەن گۈزەل سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەيدۇ؛ ئۇ سۈپەتلەرنى بۇرمىلىماستىن، ئۆزگەرتمەستىن،

ئىنكار قىلماستىن، مەخلۇقاتنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماستىن ئىمان ئېيتىدۇ.

■ قۇرئان كەرىم، سەھىھ ھەدىس، ئىلىمدە چوڭقۇر ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى ۋە ساغلام قىياس... قاتارلىقلار ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش مەنبەسىدۇر.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەر شەرىئەتكە خىلاپ بولمىسىلا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋە رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىدۇ؛ بەزى ئۆرپ ـ ئادەتكە ياتىدىغان، دىندا چەكلەنمىگەن مەسىلىلەردە ياكى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ۋە ياكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى چىقىش قىلىنغان، بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىدىغان مەسىلىلەردە يەنىلا ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەر مۇجتەھىدلىك سەۋىيەسىگە يەتمىگەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پىقھىي جەھەتتە باشقا مەقبۇل مەزھەپلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن بىرگە، بىرەر مۆتىۋەر مەزھەپكە

ئەگىششىنى توغرا دەپ قارايدۇ. پىكىرلىرى ئوخشىمىغان مەسىلىلەردە باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، پىقھىي مەسىلىدىكى ئىختىلاپ سەۋەبىدىن ئۆزئارا جېدەللەشمەيدۇ، ئىناق ئۆتىدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا ھەرقانداق مۇئمىن ئاللاھ تائالانىڭ دوستىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ دوستى ئۇلارنىڭمۇ دوستىدۇر، مەلۇم خاتالىق ياكى ئوخشىمىغان كۆزقاراش سەۋەبلىك ئۇلارنى كاپىرنى دۈشمەن تۇتقاندەك دۈشمەن تۇتمايدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق ۋە تەرەپبازلىق جاھىلىيەتنىڭ ئىشىدۇر، ئۇلار دائىم ھەق ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرىدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەر ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بەزى تالاش - تارتىشلارنىڭ يوللۇق سەۋەبلىرى بار دەپ قاراپ ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدۇ، ئۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھېچقايسى يەنە بىرىدىن

نەپرەتلەنمەيدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەر ئەقىدىۋى بىدئەتلەردىن ئۇزاق تۇرىدۇ، ئەمەل ۋە ئىبادەتتىكى ئوچۇق بىدئەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدۇ، بىدئەتلىكىدە ئىختىلاپ قىلىنغان مەسىلىلەرگە كەڭرى نەزەر بىلەن قارايدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا كۇپرىلىق ۋە شېرىك، گۇناھ - مەئسىيەت، بىدئەت ۋە خۇراپات ئازغۇنلۇقتۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش مۇھىم ۋەزىپىدۇر. لېكىن، ئۇلار بۇ جەھەتتە شەخس ۋە جامائەتكە، جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە ياكى دىنىمىزغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدا - زىياننى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

■ پەيغەمبەرلەرنى، ئۆلىمالارنى، شېھىتلارنى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەلىيلىرىنى، سالىھلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەر ئۇلارنى دىندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن، ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەيدۇ، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرگە ۋە ئەۋلىيالارغا بېرىلىدىغان كارامەتلەرگە ئىشىنىدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا تۇمار ئېسىش، پالغا ئىشىنىش ۋە غەيبنى دەۋا قىلىش شېرىكتۇر. شېرىكلىك دەرىجىسى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

■ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش سۈننەتتۇر، لېكىن ئۇلاردىن ياردەم سوراش، تىلەك تىلەش ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش شېرىكتۇر.

# ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلىرى بار بولۇپ، بەزى ئىسىملىرىنى پەيغەمبەرلىرىگىلا ياكى پەرىشتىلىرىگىلا بىلدۈرگەن؛ يەنە نۇرغۇن ئىسىم - سۈپەتلىرىنى بەندىلىرىگە بىلدۈرمەي، ئۆز دەرگاھىدا ساقلىغان. ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرىنى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان كەرىمدە ياكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئۇلارنىڭ ئەرەبچە يېزىلىشى، ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى رەتلىك بېرىلدى[4].

4 ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنىڭ مەنىلىرى ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇف قارىھاجىمنىڭ «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى» ناملىق كىتابىدىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

# ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى

| ئەرەبچە يېزى-لىشى | ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى | مەنىسى |
| --- | --- | --- |
| اللّٰه | ئەللاھ | بارچە كائىناتنىڭ ئىگىسى، پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ يېگانە ئىلاھى، ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن لايىق بولغان، بارچە مەۋجۇدات ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بويسۇنىدىغان، مۇئمىنلەر باش ئېگىپ رۇكۇ قىلىدىغان، يېلىنىپ سەجدە قىلىدىغان ۋە ھەر تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھلىقىغا لايىق سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان مەبۇد بەرھەقنىڭ خاس ئىسمى |
| الرَّحْمَنُ | ئەررەھمان | ناھايىتى مېھرىبان، چەكسىز كۆيۈنگۈچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| الرّحيم | ئەررەھىيم | ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلغۇچى زات |
| العَفُوُّ | ئەلئەفۇۋ | جازاغا تېگىشلىك بولغانلارنى جازادىن ئەپۇ قىلغۇچى، گۇناھلىرىنى ئۆچۈرگۈچى زات |
| الغَافِرِ | ئەلغافىر | گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى زات |
| الغَفُورُ | ئەلغەفۇر | بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى يۆگىگۈچى ۋە ئۇلارنى جازادىن ئەپۇ قىلغۇچى زات |
| الغَفَّارُ | ئەلغەففار | بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى زات |
| المَلِكُ | ئەلمەلىك | مەخلۇقاتلىرىغا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھ |
| الْمَالِكُ | ئەلمالىك | ھەممىنىڭ ئىگىسى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ۋە ھەممىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ ئىدارە قىلغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| المَلِكُ | ئەلمەلىك | ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى مۇتلەق پادىشاھ |
| القُدُّوسُ | ئەلقۇددۇس | ھەرقانداق بىر نۇقساندىن، كەمچىلىكتىن، ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغان جىمى سۈپەتلەردىن پاك زات |
| السَّلامُ | ئەسسەلام | زاتى، ئىسمى - سۈپەتلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەرقانداق نۇقساندىن، كەمچىلىكتىن خالىي، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تىنچ - ئامانلىق ئاتا قىلغۇچى زات |
| المُؤْمِنُ | ئەلمۇئمىن | ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغۇچى زات |
| المُهَيْمِنُ | ئەلمۇھەيمىن | بەندىلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي بارلىق ئىشلىرىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرغۇچى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، مەخلۇقاتنى خەتەرلەردىن ساقلىغۇچى ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| العَزِيزُ | ئەلئەزىز | ھەممىدىن غالىب، ھەممىگە قادىر، ھېچقانداق ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغان ھەمدە خالىغان بەندىسىگە ئىززەت ئاتا قىلىدىغان زات |
| الجَبَّارُ | ئەلجەببار | بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبان، دىللىرىغا ئارام بېغىشلىغۇچى، بەندىلىرىنى قەھرى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدارە قىلغۇچى، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى يۈرگۈزگۈچى زات |
| الكَبِيرُ | ئەلكەبىر | زاتى، ئىسىم - سۈپەتلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەممىدىن كاتتا ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغ زات |
| المُتَكَبِّرُ | ئەلمۇتەكەببىر | ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى تۆۋەن كۆرگۈچى، بارچە مۇكەممەللىكنى ۋە كاتتىلىقنى ئۆزىدىلا كۆرگۈچى، كاتتىلىقنىڭ ئىگىسى بولغان زات |

| | | |
|---|---|---|
| الخَالِقُ | ئەلخالىق | ھەممىنى يوقتىن پەيدا قىلغۇچى ۋە يېگانە ياراتقۇچى زات |
| الخَلاَّقُ | ئەلخەللاق | ماھىر ۋە مۇكەممەل ياراتقۇچى زات |
| البَارِئُ | ئەلبارىئ | تەقدىر قىلىپ بەلگىلىگەنلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى زات |
| المُصَوِّرِ | ئەلمۇسەۋۋىر | ھەربىر مەخلۇقاتنى ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە شەكىللەندۈرگۈچى ۋە گۈزەل سۈرەتتە ياراتقۇچى زات |
| القَاهِرُ | ئەلقاھىر | بەندىلىرىنى بويسۇندۇرغۇچى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى زات |
| القَهَّارُ | ئەلقەھھار | بەندىلەرنى مۇتلەق بويسۇندۇرغۇچى، زالىملارنى قەھرى بىلەن جازالىغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆپ ئاتا - ئېھسان قىلغۇچى، بەدەلسىز ئاتا قىلغۇچى زات | ئەلۋەھھاب | الوَهَّابُ |
| ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى زات | ئەررازىق | الرَّازِقُ |
| رىزىقنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى، خالىغان بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆپ رىزىق بەرگۈچى زات | ئەررەززاق | الرَّزَّاق |
| يېپىق قەلبلەرنى ئىمان ۋە ھىدايەت بىلەن ئاچقۇچى، مۈشكۈلاتلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچى، بەندىلىرىگە خەزىنىسى ۋە رەھمىتىنىڭ ئىشىكلىرىنى خالىغانچە ئاچقۇچى زات | ئەلفەتتاھ | الفَتَّاحُ |
| ھەممىنى ئېنىق ۋە كەسكىن بىلگۈچى زات | ئەلئالىم | العَالِمُ |
| شەيئىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن تەرەپلىرىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىلگۈچى، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كېلەچەككە ئائىت ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلگۈچى زات | ئەلئەلىم | العَلِيمُ |

| | | |
|---|---|---|
| العَلّامُ | ئەلئەللام | ئىلمى چەكسىز كەڭ ۋە مۇكەممەل زات |
| القَابِضُ | ئەلقابىز | ئەجىلى توشقانلارنىڭ جېنىنى ئالغۇچى، بەندىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ رىزقىنى، شارائىتىنى، ۋاقتىنى تار قىلغۇچى زات |
| البَاسِطُ | ئەلباسىت | بەندىلىرىگە پەزل - كەرەمىنى يايغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ، تۇرمۇشىنى باياشات قىلغۇچى زات |
| السَّمِيعُ | ئەسسەمىيئ | بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى، مۇناجاتلىرىنى ئاڭلىغۇچى، ھەرقانداق مەخپىي ۋە ئاشكارا ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى زات |
| البَصِيرُ | ئەلبەسىير | ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى، ھەتتا ئەڭ مەخپىي شەيئىلەرنى ۋە ھەرىكەتلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچى زات |

HAK
HAKSEVER

| | | |
|---|---|---|
| اللَّطِيفُ | ئەللەتىيف | بەندىلىرىگە مېھرىبانلىق قىلغۇچى، ئۇلارغا ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان يوللار بىلەن ياخشىلىق يەتكۈزگۈچى، ئىشلارنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار زات |
| الخَبِيرُ | ئەلخەبىير | شەيئىلەرنىڭ يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى خۇددى ئاشكارا تەرەپلىرىنى بىلگەندەك تولۇق بىلگۈچى، مەلۇماتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى زات |
| الحَلِيمُ | ئەلھەلىيم | گۇناھكارلارنى ئالدىراپ جازالىماستىن، تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرگۈچى زات |
| العَظِيمُ | ئەلئەزىيم | زاتىدا، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە جىمى ئىشلىرىدا مۇتلەق ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل زات |

| | | |
|---|---|---|
| الشَّاكِرُ | ئەششاكىر | بەندىلىرىنىڭ ئاز ئەمەلىنى كۆپ ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىپ، ھەسسىلەپ ساۋاب بەرگۈچى، كۆپلىگەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلارغا نېمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغۇچى زات |
| الشَّكُورُ | ئەششەكۇر | ئاز ئەمەللەرگە كۆپلەپ ئەجىر - ساۋاب بېرىشتە، نۇرغۇن گۇناھلارنى ئازراق تەۋبە بىلەن ياكى تەۋبىسىزمۇ مەغپىرەت قىلىشتا ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارغا ئاشۇرۇپ بېرىشتە ناھايىتى سېخىي ۋە كەرەملىك زات |
| العَلِيُّ | ئەلئەلىي | زاتى، ئىسىم - سۈپەتلىرى ئۈستۈن، ئالىي ۋە مەرتىۋىلىك زات |
| الأعْلى | ئەلئەئلا | ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ھەممىدىن ئالىي زات |

| | | |
|---|---|---|
| المُتَعَالُ | ئەلمۇتەئال | ئۆز قۇدرىتى ۋە قەھر كۈچى بىلەن ھەر نەرسىنى بويسۇندۇرغۇچى، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە ئىلمى بىلەن ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى زات |
| الحَافظُ | ئەلھافىز | بەندىلىرىنى خەۋپ - خەتەرلەردىن قوغدىغۇچى، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ساقلىغۇچى زات |
| الحَفيظُ | ئەلھەفىيز | ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچى ۋە ئەڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچى زات |
| الْمُقِيتُ | ئەلمۇقىيت | بارچە جانلىقلارنىڭ رىزقىنى ۋە ئوزۇقلىرىنى يەتكۈزگۈچى، رىزىقلىنىش يوللىرىنى تەقدىر قىلغۇچى زات |
| الحَسيبُ | ئەلھەسىيب | بەندىلىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى توغرا يولغا سېلىشقا يېتەرلىك، ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىنى ئالغۇچى، مۇئمىنلەرگە ئالاھىدە ئىنئام قىلغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| الكَرِيمُ | ئەلكەرىيم | ياخشىلىقى كۆپ، ئاتا-ئېھسانى مول، خالىغان بەندىسىگە تەلەپ قىلسۇن ياكى تەلەپ قىلمىسۇن، خالىغانچە بەرگۈچى زات |
| الأَكْرَمُ | ئەلئەكرەم | ئىنتايىن كاتتا پەزل - كەرەملىك، سېخىيلىقتا، ئاتا-ئېھسان قىلىشتا تەڭدىشى يوق، مۆئمىنلەرگە ئۆز پەزلىدىن ئىنئام قىلغۇچى زات |
| الرَّقِيبُ | ئەررەقىيب | بەندىلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن جىمى ئىشلىرىنى، گەپ- سۆزلىرىنى بىلىپ، كۆزىتىپ تۇرغۇچى، ھەر ۋاقىت ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات |
| القَرِيبُ | ئەلقەرىيب | يۇتۇن بەندىلىرىگە ئىلمى، قۇدرىتى ۋە شەپقىتى بىلەن، مۆئمىنلەرگە ياردىمى، نۇسرىتى بىلەن يېقىن زات |
| المُجِيبُ | ئەلمۇجىيب | دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ۋە تىلىگۈچىنىڭ تىلەكلىرىنى قوبۇل قىلغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| الوَاسِعُ | ئەلۋاسىئ | گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ناھايىتى مۇكەممەل، بەندىلىرىگە رەھمىتى، مەغپىرىتى ۋە ئاتا - ئېھسانلىرى ناھايىتى چەكسىز ۋە كەڭ بولغۇچى زات |
| الحَكِيمُ | ئەلھەكىيم | ھەرقانداق ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، بارچە نۇقسانلىرىن ۋە كەمچىلىكتىن پاك زات |
| الحَكَمُ | ئەلھەكەم | بەندىلىرى ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى زات |
| الحَاكِمُ | ئەلھاكىم | ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى ۋە ھەقىقىي پادىشاھ |
| الوَدودُ | ئەلۋەدۇد | سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ياراتقۇچى، ئۇنى بەندىلىرىنىڭ قەلبلىرىگە سالغۇچى، سالىھ بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر قىلغۇچى، بارچە مەخلۇقاتىغا ئىنئام قىلغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| المَجيدُ | ئەلمەجىيد | مۇتلەق ھۆرمەت، ئىززەت ئىگىسى، چەكسىز ئۇلۇغ زات |
| الشَّهيدُ | ئەششەھىيد | بەندىلىرىنى كۆزەتكۈچى، ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىغا گۇۋاھ بولغۇچى، مۇئمىنلەرنىڭ راستچىللىقىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى زات |
| المُبِينُ | ئەلمۇبىين | يەككە - يېگانە ئىلاھلىقى روشەن، بەندىلىرىگە توغرا يولنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگۈچى، ياخشى - يامانىنى ئېنىق بايان قىلغۇچى زات |
| الحَقُّ | ئەلھەق | زاتى، ئىلاھلىقى، بارچە ئىسىم - سۈپەتلىرى ھەق زات |
| الوَكِيلُ | ئەلۋەكىيل | بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن باشقۇرغۇچى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغۇچى، مۇئمىنلەرگە دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا مەدەت بەرگۈچى، ياردەم تىلىگەن بەندىلىرىگە ياردەم قىلغۇچى، ئىشەنچ باغلىغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويمايدىغان زات |

HAK HAKSEVER ھەقسۆيەر

| الفَاطِر | ئەلفاتىر | ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات |
|---|---|---|
| القَوِيُّ | ئەلقەۋىي | مۇتلەق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە، ھېچنەرسىدىن ئاجىز كەلمەيدىغان، كۈچ - قۇدرىتى خوراپ كەتمەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك زات |
| المَتِينُ | ئەلمەتىين | ئىنتايىن كۈچلۈك، ھەممىدىن غالىب، كۈچ - قۇدرەتتە مۇتلەق كامالەت ئىگىسى بولغان زات |
| الوَلِيُّ | ئەلۋەلىي | ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممىگە نېمەت بەرگۈچى، مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلغۇچى، مەخلۇقاتىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى يالغۇز ئىگە بولغۇچى زات |
| المَوْلَى | ئەلمەۋلا | بارچە مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى، ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، مۇئمىنلەرنى قوللىغۇچى ۋە ياردەم قىلغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| الحَمِيدُ | ئەلھەمىيد | گۈزەل ھەمدۇسانالارغا ۋە بارچە مەدھىيەلەرگە تامامەن ھەقلىق ۋە سازاۋەر بولغۇچى، بەندىلىرى تەرىپىدىن ھەمىشە مەدھىيەلەنگۈچى زات |
| الحَيُّ | ئەلھەييۇ | ھەمىشە ھايات ۋە مەخلۇقاتلىرىغا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى زات |
| القَيُّومُ | ئەلقەييۇم | ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى، مەخلۇقاتنىڭ ياردىمىدىن بىھاجەت بولغۇچى، بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ۋە گەپ-سۆزلىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ، تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بەرگۈچى زات |
| الوَاحِدُ | ئەلۋاھىد | يېگانە، ھېچبىر شېرىكى يوق، زاتىدا ۋە بارلىق سۈپەتلىرىدە تەڭدىشى يوق زات |
| الأَحَدُ | ئەلئەھەد | تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىز، ئىسىم - سۈپەتلىرىدىمۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، يەككە – يېگانە زات |

| | | |
|---|---|---|
| الصَّمَدُ | ئەسسەمەد | ھېچكىمگە موھتاج بولمىغان، خوجايىنلىقىدا ۋە مەخلۇقات ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىدا تەڭداشسىز، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغان، مەخلۇقاتنى رىزىقلاندۇرىدىغان ۋە ئۇلاردىن رىزىق كۈتمەيدىغان يېگانە ئاللاھ |
| القَادِرُ | ئەلقادىر | ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچقانداق ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغان زات |
| القَدِيرُ | ئەلقەدىر | چەكسىز كۈچ - قۇدرەتلىك زات |
| المُقْتَدِرْ | ئەلمۇقتەدىر | تەقدىر قىلغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەتلىك زات |
| الأَوَّلُ | ئەلئەۋۋەل | ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت زات |
| الآخِرُ | ئەلئاخىر | ھەممە نەرسە يوق بولغاندىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| الظَّاهِرُ | ئەززاھىر | ئۆزىنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەل - سەنئەتلىرى ۋە ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان دەلىل - پاكىتلىرى بىلەن ئاشكارا بولغۇچى، ھەممىگە غالىب كەلگۈچى، ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلغۇچى، ھەممىدىن ئۈستۈن زات |
| البَاطِنُ | ئەلباتىن | كۆز بىلەن كۆرۈلۈشتىن مەخپىي، ئەڭ مەخپىي ئىشلارنىمۇ بىلگۈچى زات |
| البَرُّ | ئەلبەر | ئاتا - ئېھسانلىرى، ئىنئاملىرى ۋە جىمى ياخشىلىقلىرى كائىناتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇم، بەندىلىرىگە ئىنتايىن شەپقەتلىك، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ئەجىر - ساۋاب بېرىدىغان، گۇناھ قىلغان بەندىلىرىنى ئالدىراپ جازالىمايدىغان زات |

| | | |
|---|---|---|
| التَّوابُ | ئەتتەۋۋاب | بەندىلىرىنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچى ۋە تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىلىرىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچى زات |
| الرَّبُّ | ئەررەب | ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، نېمەتلىرى ۋە ئاتا - ئېھسانلىرى بىلەن جىمى مەخلۇقاتىنى پەرۋىش قىلغۇچى زات |
| الرّءوفُ | ئەررەئۇف | بەندىلىرىگە ئىنتايىن رەھىم - شەپقەتلىك، تولىمۇ كۆيۈمچان ۋە ھەممىدىن بەك مېھرىبان، مۇئمىن بەندىلىرىگە ئالاھىدە شەپقەت قىلغۇچى زات |
| ذُوالجَْلاَلِ وَالإِكْرَامِ | زۇلجەلالى ۋەلئىكرام | زاتى ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرى ئۇلۇغ، مۇئمىن بەندىلىرىگە رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى ۋە جەننىتىنى ئىنئام قىلغۇچى زات |
| ذُوالطَّوْلِ | زۇتتەۋل | ئىنتايىن كۆپ ئاتا - ئېھسان قىلغۇچى ۋە بەندىلىرىگە قانچىلىك كۆپ بەرسىمۇ خەزىنىسى تۈگەپ قالمايدىغان زات |

| | | |
|---|---|---|
| الغَنِيُّ | ئەلغەنىي | ھەممىدىن بىھاجەت، بەندىلىرىنىڭ ئىبادىتىگە ياكى تەۋبىسىگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغان زات |
| النُّوْرُ | ئەننۇر | زاتى نۇر، ھىجابى نۇر، پۈتۈن كائىناتقا ماددىي ۋە مەنىۋى نۇر ئاتا قىلغۇچى زات |
| الهَادِي | ئەلھادىي | بەندىلىرىگە ئىمانىنىڭ يولىنى، ئىككى ئالەملىك بەختلىك ھايات كەچۈرۈش ئۇسۇللىرىنى، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسەتكۈچى، ھەتتا ئۇچار قانات، ھايۋان ۋە بارلىق جانلىقلارغا ياشاش قانۇنىيىتىنى، ئۆزىنى قوغداش يوللىرىنى ئۆگەتكۈچى، ئۇلارنى مەنپەئەتلىك ئىشلارغا يېتەكلىگۈچى زات |
| البَدِيعُ | ئەلبەدىيئ | ئۆز ھېكمىتى ۋە ئىلمى بىلەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە بارچە كائىناتنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| الحَفِيُّ | ئەلھەفىي | پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىغا ۋە مۆئمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارغا كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىمۇ ياخشىلىق قىلىدىغان زات |
| النَّاصِرُ | ئەنناسىر | خالىغان بەندىلىرىگە، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى، ئۇلارنى تائەت - ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلغۇچى، ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغۇچى زات |
| النَّصِيرُ | ئەننەسىير | خالىغان بەندىلىرىگە ناھايىتى كاتتا ۋە ھېسابسىز نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| رَفِيع الدَرَجَاتِ | رەفىئۇددەرەجات | ئىسىم - سۈپەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، مۇقەددەسلىكىنى، كامالىي قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۇرگەندەك، سالىھ بەندىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا بەخت - سائادەتلىك بىر ھاياتتا ياشىتىش، ئاخىرەتتە جەننەتكە ۋە ئۆز رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈش بىلەن مۇكاپاتلايدىغان زات |
| المُستَعَانُ | ئەلمۇستەئان | مەدەت ۋە ياردەم سورالغۇچى، خالىغان بەندىلىرىگە ياردەم بەرگۈچى بىردىنبىر مەدەتكار زات |
| المُحِيْطُ | ئەلمۇھىيت | ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ھاكىمىيىتى بىلەن ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى، مەخلۇقاتنىڭ جىمى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچى زات |
| الإِلَهُ | ئەلئىلاھ | ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق، يەككە - يېگانە زات |

| | | |
|---|---|---|
| الوَارِثُ | ئەلۋارىس | ھەممە نەرسە پانىيلىققا يۈز تۇتقان ۋە پۈتۈن مەۋجۇدات يوقالغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى زات |
| ذو الفَضلِ | زۇلفەزل | ناھايىتى كۆپ ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچى ۋە خالىغان بەندىسىگە ئاشۇرۇپ بەرگۈچى زات |
| ذو المَعَارِجِ | زۇلمەئارىج | چەكسىز مەرتىۋىلىك، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرى ئۇنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغان زات |
| المَنَّانُ | ئەلمەننان | بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆپ ئاتا ـ ئېھسان قىلغۇچى، كۆپلەپ نېمەت بەرگۈچى كەرەملىك زات |
| الطَّيِّبُ | ئەتتەييىب | ئۆزى ھەرقانداق ئەيىب ـ نۇقساندىن خالىي ۋە پاك ھەمدە قەلبى پاك، نىيىتى توغرا ۋە تاپقانلىرى ھالال كىشىلەرنىڭ ئىبادەت ۋە دۇئالىرىنى قوبۇل قىلىدىغان زات |

| | | |
|---|---|---|
| الوِتْرُ | ئەلۋىتر | شېرىكى، ياردەمچىسى، بالىسى ۋە ئوخشىشى بولمىغان يەككە - يېگانە زات |
| المُقَدِّمُ | ئەلمۇقەددىم | ئۆزى خالىغان ماددىي ياكى مەنىۋى ھەرقانداق ئىشنى ئىلگىرى قىلغۇچى، ئالدىغا قويغۇچى زات |
| المُؤَخِّرُ | ئەلمۇئەخخىر | خالىغان ئىشنى كېچىكتۈرگۈچى زات |
| الحَيِيُّ | ئەلھەيىي | كاتتا ماقامىغا لايىق رەۋىشتە ھايالىق زات |
| الجَمِيلُ | ئەلجەمىيل | زاتى ۋە ئىسىم - سۈپەتلىرى ناھايىتى گۈزەل ۋە بارچە گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى بولغان زات |
| السِّتِيرُ | ئەسسىتتىير | بەندىلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى، خاتالىقلىرىنى، گۇناھلىرىنى يۆگىگۈچى، ئىنسانلار ئارىسىدا رەسۋا بولۇشتىن ساقلىغۇچى زات |

| | | |
|---|---|---|
| بارچە مەخلۇقاتقا ناھايىتى كۆپ ئاتا - ئېھسان قىلىدىغان، بەندىلىرىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدىغان، سېخىي، كەرەملىك زات | ئەلجەۋۋاد | الجواد |
| بارچە مەخلۇقاتىغا نېمەت ئاتا قىلغۇچى، خالىغان بەندىسىگە ياخشىلىق خەزىنىلىرىدىن ھېسابسىز بەرگۈچى، تىلىگەن بەندىلىرىگە تىلىگەنلىرىنى بەرگۈچى زات | ئەلمۇئتىي | المُعْطي |
| زاتىدا، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ھەر ئىشنى مۇكەممەل دەرىجىدە قىلغۇچى زات | ئەلمۇھسىن | المُحْسِنُ |
| ھەربىر ئىشتا مېھرىبانلىقنى ئالدىنقى ئورۇندا قويغۇچى، بەندىلىرىگە شەپقەت قىلغۇچى زات | ئەررەفىيق | الرِّفيقُ |
| ھەرقانداق ئەيىب - نۇقساندىن پاك، ئۇلۇغلاشقا ۋە قەدىرلەشكە ھەقلىق زات | ئەسسۇببۇھ | السُّبُّوحُ |

| | | |
|---|---|---|
| الْمُسَعِّرُ | ئەلمۇسەئئىر | شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى، دەرىجىسىنى ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن قىلىپ بەلگىلىگۈچى زات |
| السَّيِّدُ | ئەسسەييىد | مەخلۇقاتلارنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانى، ھەممىنىڭ خوجايىنى، پەرۋەردىگارى بولغان زات |
| الدَّيَّانُ | ئەددەييان | بەندىلىرىنىڭ ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن تولۇق ھېساب ئالغۇچى زات |
| الشَّافِي | ئەششافىي | قەلبلەرگە ۋە بەدەنلەرگە شىپالىق بەرگۈچى، كېسەللەرگە داۋالىنىش يوللىرىنى كۆرسەتكۈچى زات |

وَتَمَّتْ بِحَمْدِ اللَّهِ

HAK HAKSEVER ھەقسۆيەر

# پايدىلانغان كىتابلار

| قۇرئان كەرىم | القرآن الكريم |
|---|---|
| كىتاب ئىسمى | مۇئەللىپ ئىسمى |
| صحيح البخاري | أبو عبد الله محمد بن إسماعيل البخاري |
| صحيح مسلم | مسلم بن الحجاج أبو الحسن القشيري النيسابوري |
| سنن أبي داود | أبو داود سليمان بن الأشعث السجستاني |
| جامع الترمذي | أبو عيسى الترمذي |
| سنن النسائي | أبو عبد الرحمن أحمد بن شعيب الخراساني النسائي |
| سنن بن ماجة | ابن ماجة أبو عبد الله القزويني |
| عقيدة الطحاوية | أبو جعفر الطحاوي |
| عقيدة الواسطية | أحمد بن عبد الحليم بن تيمية الحراني |
| القواعد المثلى في صفات الله وأسمائه الحسنى | محمد بن صالح بن محمد العثيمين |

| | |
|---|---|
| تسهيل العقيدة الإسلامية | عبد الله بن عبد العزيز بن حمادة الجبرين |
| شرح أصول اعتقاد أهل السنة والجماعة | أبو القاسم اللالكائي |
| رسالة إلى أهل الثغر بباب الأبواب | أبو الحسن الأشعري |
| شرح مشكل الآثار | أبو جعفر الطحاوي |
| الإسلام أصوله ومبادؤه | محمد بن عبد الله بن صالح السحيم |
| شرح العقيدة الطحاوية | ابن أبي العز الدمشقي |
| العقائد النسفية | أبو حفص نجم الدين النسفي |
| أصول الدين عند الإمام أبي حنيفة | محمد بن عبد الرحمن الخميس |
| الولاء والبراء بين الغلو والجفاء في ضوء الكتاب والسنة | حاتم بن عارف بن ناصر الشريف العوني |
| أصول أهل السنة والجماعة | أبو الأشبال حسن الزهيري المنصوري المصري |
| شرح العقيدة الطحاوية | د. سفر بن عبد الرحمن الحوالي |

| | |
|---|---|
| التوحيد | أبو منصور الماتريدي |
| الفقه الأكبر | أبو حنيفة النعمان بن ثابت |
| الرد على الجهمية والزنادقة | أبو عبد الله أحمد بن حنبل الشيباني |
| الإبانة عن أصول الديانة | أبو الحسن الأشعري |
| مقالات الإسلاميين | أبو الحسن الأشعري |
| مجموع الفتاوى | أحمد بن عبد الحليم بن تيمية الحراني |
| اعتقاد أئمة الحديث | أبو بكر أحمد بن إبراهيم الإسماعيلي الجرجاني |
| التعرف لمذهب أهل التصوف | أبو بكر محمد بن أبي إسحاق الكلاباذي البخاري الحنفي |
| رسالة في إثبات الاستواء والفوقية | أبو محمد عبد الله بن يوسف الجويني |
| الحوادث والبدع | أبو بكر الطرطوشي |
| الملل والنحل | أبو الفتح محمد بن عبد الكريم الشهرستاني |
| رسالة في القرآن وكلام الله | ابن قدامة المقدسي |
| اتباع السنن واجتناب البدع | أبو عبد الله محمد بن عبد الواحد المقدسي |

| | |
|---|---|
| العلو للعلي الغفار | شمس الدين أبو عبد الله الذهبي |
| مختصر الصواعق المرسلة على الجهمية والمعطلة | ابن قيم الجوزية |
| القول المفيد على كتاب التوحيد | محمد بن صالح بن محمد العثيمين |
| الفكر الصوفي في ضوء الكتاب والسنة | عبد الرحمن بن عبد الخالق اليوسف |
| الموسوعة الميسرة في الأديان والمذاهب والأحزاب المعاصرة | الندوة العالمية للشباب الإسلامي |
| مصطلحات في كتب العقائد | محمد بن إبراهيم بن أحمد الحمد |
| إجلاء الحقيقة في سيرة عائشة الصِّدِّيقة | ياسين الخليفة الطيب المحجوب |
| متن القصيدة النونية | ابن قيم الجوزية |
| التكفير وضوابطه | منقذ بن محمود السقار |
| ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى | مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن |

HAK
HAKSEVER